تۆختىھاجى تۇرسۇن

# ئانا يۇرتتىن ئالتۇن پۈتۈكلەر



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

تۇختىھاجى تۇرسۇن

# ئانا يۇرتتىن ئالتۇن پۈتۈكلەر




قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

توختىهاجى تۇرسۇن

# ئانا يۇرتتىن ئالتۇن پۈتۈكلەر

(ئەدەبىي ئاخباراتلار)

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

故乡金传:维吾尔文/托合提阿吉·图尔逊著·—喀什:
喀什维吾尔文出版社,2008.1
ISBN 978-7-5373-1608-8

Ⅰ.故… Ⅱ.托… Ⅲ.社会主义建设—成就—喀什地区—
维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.D619.452

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 002620 号

责任编辑:姑丽巴哈尔·麦麦提依明
责任校对:坎拜尔古丽·吾斯曼

故乡金传
(报告文学)

作者:托合提阿吉·图尔逊

喀什维吾尔文出版社出版发行
(喀什市塔吾古孜路 14 号 邮编:844000)
各地新华书店经销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
880×1230 毫米 1/32 开本 5.375 印张 2 插页
2008 年 1 月第 1 版 2008 年 1 月第 1 次印刷
印数:1—2580 定价:10.00 元

如有质量问题,请与我社联系调换 电话:0998—2653927



ئاپتور ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە



ئاپتور تىلشۇناس ئىمىن تۇرسۇن( ئوتتۇردا ) يازغۇچى ئەخەت تۇردى
( سولدا ) بىلەن سۆھبەتتە



ئۇستازلار ۋە شاگىرتلار



ئاپتور ئىلى ئاخباراتچىلىرى بىلەن بىللە

# نەشرىياتتىن

توختىھاجى تۇرسۇن 1944 - يىل 7- ئايدا قەشقەر شەھىرى
ئەتراپىدىكى قوغان يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ تولۇق
ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، 1963- يىلىدىن 1970-
يىلىغىچە بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەييارلىق
سىنىپى ۋە بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭگو تىل -
ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1972 - يىل 7- ئايدا «قەشقەر
گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان.
2003- يىل 7- ئايدا پېنسىيىگە چىققان. كاندىدات ئالىي مۇھەررىر.
30 توختىھاجى تۇرسۇن ئاخبارات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان
نەچچە يىلدىن بۇيان، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، كەسپىنى تىرى-
شىپ ئۆگىنىپ، پىشقان مۇخبىر، مۇھەررىرگە ئايلاندى. بۇ جەرياندا
بىرنەچچە يۈز پارچىدىن ئارتۇق ئوچېرك، تەپسىلىي خەۋەر، زىيارەت
خاتىرىسى، ئوبزور، خەۋەر - ماقالە يازدى. ئۇ يازغان «قايتا يالتىرى-
غان چۆلدىكى يېشىل مەرۋايىت»، «سايرا، خۇش ئاۋاز بۇلبۇل»،
«تامچىنىڭ پىرى»، «ئالتۇن كۆزدە يۇرت ئارىلاپ...»، «دولانلىقلار
ماڭغان يوللار» قاتارلىق ئوچېرك، تەپسىلىي خەۋەر، زىيارەت خاتى-
رىلىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋە مەملىكەتلىك ئاز سانلىق
مىللەت يېزىقىدىكى ئاخبارات ئەسەرلىرىنى باھالاشتا 1-، 2- دەرىجە-
لىك مۇكاپاتقا؛ ئۇ تەھرىرلىگەن «ئېگىزلىكتىكى ھەسەن- ھۈسەن»،
«نېفىتلىكتىن خۇش خەۋەر»، «كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان تاغ گۈللى-
رى ۋە ئۇلارنىڭ غېمى» قاتارلىق ئوچېركلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونى بويىچە ياخشى ئاخبارات ئەسەرلىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇ
يەنە «ئىقتىسادىي خەۋەرلەر ۋە ئۇنىڭ يېزىلىشى توغرىسىدا»، «زىيا-

رەت خاتىرىسىنى قانداق يېزىپ چىقىمىز؟»، «مۇخبىرلىق قىلىش ۋە مۇخبىرلىق ئىستىلى توغرىسىدا» قاتارلىق تېمىلاردا دەرسلىك تەييارلاپ، ئاساسىي قاتلاملارغا بېرىپ، ئىختىيارىي مۇخبىرلارغا دەرس ئۆتتى. توختىھاجى تۇرسۇن يەنە باشقىلار بىلەن بىرلىكتە «ئاتا-ئانىلارغا جاۋاب خەت»، «ئىسلاھاتنىڭ تاڭ نۇرى»، «دۇنياۋى دېلولا-ردىن تاللانما»، «گوركىي بىلەن ئوغلىنىڭ خەت ئالاقىلىرى» قاتار-لىق ئالتە كىتابنى تەرجىمە قىلىپ، ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈش-تۈردى.

بىز ياش بىر ئەۋلاد مۇخبىرلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، ئاپتور-نىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى توپلام قىلىپ ئوقۇرمەنلەرگە سۇندۇق.

# ئاپتوردىن

«ئانا يۇرتتىن ئالتۇن پۈتۈكلەر» — مېنىڭ تۇغۇلغان يۇرتۇم قەشقەرنىڭ بىپايان يېزا - قىشلاقلىرى، گۈزەل مەيدان - يايلاقلىرى، زاۋۇت - كانلىرىدا، شەھەر ئاھالىلىرى ئارىسىدا، مەكتەپ، دوختۇرخانىلىرىدا مۇخبىرلىق قىلىش — جاھان كۆرۈش جەريانىدا، دىيانەتلىك ئادەملەر توپى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇپ، جەمئىيەتنى بارا - بارا تونۇپ ۋە چۈشىنىپ، يۇرتۇمنىڭ تارىخىدىن خاتىرە قالدۇرۇپ يازغانلىرىمنىڭ بىر قىسمى. ئادەم ئۈچۈن ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا تۇپرىقىدىن ئۇلۇغ، مۇقەددەس نەرسە بولمىسا كېرەك. شۇ مۇقەددەس ئانا تۇپرىقنى قەدىرلەش ۋە ئۇنى سۆيۈش ھەربىر كىشىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىدۇر. «تۇغۇلغان يېرىگە مېھىر - مۇھەببىتى يوق كىشىلەر — شامال ئۇچۇرتقان، دېنى يوق شاكالغا ئوخشاش مەزمۇنسىز ۋە بەختسىز كىشىلەردۇر.» دېگەنىدى بۇرۇنقىلار. شۇڭا، «ھەربىر كىشى ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى تەشكىل قىلىدىغان تۇغۇلغان يېرىنى، ئانا يۇرتىنى ياخشى چۈشىنىشى، ئۇنىڭدىن ئالغان بارلىق نەرسىلىرىنى كۆڭۈل سۈزگۈچىدىن ئۆتكۈزۈپ، ھەسەل ھەرىسىگە ئوخشاش يۈرىكىگە قۇيۇۋالغىنى ياخشى».

«تۇغۇلغان يېرى، ئانا يۇرتىنىڭ ھەيۋەتلىك تاغ - دەريالىرىنى، جانغا راھەت بەخش ئەتكۈچى خىلۋەت يېزا - قىشلاقلىرىنى، كۆز يەتكۈسىز گۈزەل يايلاقلىرىنى، تۇمۇزدىكى پىژغىرىم ئاپتاپلىرىنى، ئادەمنىڭ قۇلىقى بىلەن يۈزىنى چىمدىپ ئوينايدىغان قەھرىتان قىشتىكى ئاچچىق سوغۇقلىرىنى ئەسلىمەيدىغان كىم بار؟!»

# مۇندەرىجە


گەپنى «يەتتە كۆيەكلىك ئوچاق»تىن باشلايلى ........................ 1

«تامچىنىڭ پېرى» ........................................ 4

سۇ ئېلېكتر ئىشلىرىغا بېغىشلانغان قەلب ........................ 10

سالامەتقىز سەنەم رولىدا ........................................ 14

ناۋاينىڭ قەلبى ........................................ 18

كۆكتاتچىلىق مەھەللىسىنىڭ يېڭى باھارى ........................ 22

«ئۇستەڭبويى مانتىسى» يەنە بازار تاپتى ........................ 27

قايتا يالتىرىغان «چۆلدىكى يېشىل مەرۋايىت» ........................ 31

«دېھقان مىجەز شوجى» ........................................ 36

سايرا، خوش ئاۋاز بۇلبۇل ........................................ 41

قازانچىنىڭ كارامەتلىرى ........................................ 45

كۆتەكلىكلەرنىڭ چاكىرى ........................................ 48

«دېھقان بېشى»غا بارىكاللا ........................................ 52

ئايشەمنىڭ تەرىپلىرى ........................................ 55

سۇ پەرۋانىسى ........................................ 59

«يېشىللىق ئەلچىسى» ئۆز ئەجرىنى سۆزلەيدۇ ........................ 64

دالىدا ئۆتكەن كۈنلەر ........................................ 69

«شەيتانكۆل»دىكى يېڭى باي ........................................ 74

ماھىر يېتەكچى، مېھرىبان ئۇستاز ........................................ 78

«تىللا» يىغۋاتقان تىللاخان ........................................ 81

ئالتۇن كۈزدە يۇرت ئارىلاپ ........................................ 85

بازار ئىگىلىكى مۇراجىئەت قىلغان يول ........................ 96

«بەخت يولى»دىكى گۇدۇك ئاۋازى ........................................ 100

«كەتــسەكمۇ يــراق، يىراق جايلارغا، بىزلەر ساۋاقــداش،
ساۋاقداش هامان» ........................ 112
دولانلىقلار ماڭغان يوللار ........................ 117
ئانا يۇرتتا ئالتۇن كۆز ........................ 134
بۇچىدىن ئۇچقان «لاچىن»لار ........................ 149

# گەپنى «يەتتە كۆيەكلىك ئوچاق» تىن باشلايلى

*«سانائەتنى تەرەققىي قىلمىغان يۇرتنىڭ تىكلىگەن ئىگىلىكى ئۇلىغا تاش باسمىغان بىنانىڭ تېمىغا ئوخشايدۇ.»*

*— مۇخبىرلىق خاتىرەمدىن*

قەشقەر شەھەرلىك مېتال بۇيۇملىرى زاۋۇتى 1954- يىلى ئەسلىدە 36 يەككە تۆمۈرچىنىڭ 1883 يۈەن پاي قوشۇشى بىلەن يەتتە كۆيەكلىك تۆمۈرچىلىك ئوچىقىنى بىرلەشتۇرۇش ئارقىلىق ھەمكارلىق گۇرۇپپا بولۇپ تەشكىللەنگەن ۋە ئۇستى ئوچۇق بىر دەڭگە ئورۇنلىشىپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەنىدى. 1979- يىلىغا كەلگەندە 1200 كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى ئورۇن، ماشىنىسازلىق، مىخچىلىق، سۇۋاركىچىلىق، تۇنىكىچىلىك، سۇۋاركا چوكىسى ياساش قاتارلىق يەتتە سېخ، 78 ماشىنا - ئىستانوكقا، 850 مىڭ يۈەن سەرمايە، 199 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىگە ئىگە چوڭ كارخانىغا ئايلاندى. ئۇلارنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئەينى ۋاقىتتىكى 20 مىڭ يۈەندىن 650 مىڭ يۈەنگە، ھەربىر ئىشچىنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 300 يۈەندىن 3000 يۈەنگە، ئايلىق ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى 20 يۈەندىن 60 نەچچە يۈەنگە يەتتى. ئاشۇ 10 يىلدىن بۇيان ئۇلار 30 خىل ئىش تۇرى بويىچە تېخنىكا يېڭىلاش ئېلىپ باردى، مەھسۇلات تۇرىنى بۇرۇنقى 10 خىلدىن 140 نەچچە خىلغا كۆپەيتتى، 50 خىل ئىش تۇرىنىڭ 85% ىدە ماشىنىلىشىش، يېرىم ماشىنىلىشىشنى يولغا قويۇپ، مەھسۇلاتنى يىلمۇيىل ئاشۇرۇپ، تىرىشچانلىق - ئىقتىسادچىللىق بىلەن كارخانا باشقۇرۇپ،

ئىسستانوكلىرىنى

دالدا بولمىسا، ئوچۇقچىلىقتا ئىشلەۋەردى، زىمىستان قىش، پىژپىژ ئىسسىق، ھۆۋلىغان بوران ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى پۈكتۈرەلمەدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇزاق يىل تىرىشىش ئارقىلىق يۇقىرىغا قول ئۇزاتماي مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، كىرىمنى كۆپەيتىپ، تەدرىجىي ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ياخشىلىدى.

تېخنىكا يېڭىلاش، تېخنىكا ئۆزگەرتىش — بۇ زاۋۇتنىڭ يۈكسەلىشىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئامىل. ئۇلار ئۆزلىرى قول سېلىپ، ئۆز زاۋۇتىدىن ماتېرىيال ئېلىپ، ئۆزلىرى لايىھىلەپ، رەندىلەش، توشۇك تېشىش قاتارلىق ئىستانوكلارنى، مىخ ئىشلەش ماشىنىلىرىنى ياساپ، يېزا ئىگىلىكى ماشىنىلىرى زاپچاسلىرىنىڭ يېتىشمەسلىكىدەك بوشلۇقنى تولدۇردى. 13 خىلدىن كۆپرەك مىخ ئىشلەپچىقىرىپ، «ئۇرۇس مىخى» دېگەن نامغا خاتىمە بەردى. 1979- يىلىغا كەلگەندە ئۇلار ئىشلەپچىقارغان بەزى مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتى دۆلەت ئۆلچىمىگە، بەزىلىرىنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلچىمىگە يەتتى. تېخنىك خادىملار يېتىشمىگەندە، كادىر، تېخنىك، ئىشچىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ بىرلەشكەن تېخنىكا يېڭىلاش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئويلاشقا، ئىشلەشكە، ئىجاد قىلىشقا، كەشىپ قىلىشقا ھەرىكەتلەندۈردى. ھەرقايسى قېرىنداش ئورۇنلارغا ئادەم ئەۋەتىپ تەربىيىلەش، ئۆز سىستېمىسىدا ئېچىلغان تۈرلۈك كۇرسلارغا ئادەم ئەۋەتىپ تەربىيىلەش، ئۇستىلار شاگىرتلارنى تەربىيىلەشنى ھۆددىگە ئېلىش قاتارلىق چارە-ئاماللارنى قىلىپ، ئىشچىلارنىڭ تېخنىكا قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈپ، 40 كىشىلىك تېخنىكا قوشۇنى يېتىشتۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قېرىنداش ئورۇنلارغا 200 تېخنىكا خادىمى تەربىيىلەپ بەردى، ئىشچىلاردىن يەتتە كىشىنى كادىرلىققا ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنى زاۋۇتنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىگە قويدى، بۇ يىل بۇ زاۋۇت يەنە 90 خىلدىن ئارتۇق ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىپ، دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىغا سوۋغا قىلدى.

1979- يىل ئۆكتەبىر

ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش پاراۋانلىق تەمىناتىنى ئوخشاش
كەسپتىكى ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىش-
چى- خىزمەتچىلىرىنىڭكىگە تەڭلەشتۇردى.

يەتتە كۆيەكلىك ئوچاقنىڭ 78 ماشىنا - ئىستانوكقا تەرەققىي
قىلىشى ئاسانغا چۈشمىدى. 1954- يىلى ھەمكارلىق گۇرۇپپا قۇرۇ-
لۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، جەمئىيەتتىكى بەزى قول سانائەت ئىگىلىرى:
«تۆت توكتوكنىڭ كوللېكتىپلەشتىم دېگىنى قۇرۇق تاغارنى ئۆرە
تۇرغۇزىمەن دېگەنلىك» دېيىشىپ، ئۇلارنى مەسخىرە قىلدى، بۇنىڭ
بىلەن بەزىلەر يەككە ئىشلىمەكچى بولدى؛ 1960- يىللىرىنىڭ باشلى-
رىدىكى ۋاقىتلىق قىيىنچىلىق مەزگىلىدە ئوخشاشلا بۇ زاۋۇتتىمۇ
يەككە ئىشلەش شامىلى چىقىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتى تۆۋەن-
لەپ، 120 مىڭ يۈەن قەرزگە بوغۇلۇپ قالدى، ھەتتا ئىش ھەققى
تارقىتىشقىمۇ ئامالسىز قالدى. سول لۇشيەن ھۆكۈمرانلىق قىلغان
يىللاردا بۇ زاۋۇتتا ھۆكۈمەتسىزلىك پىكىر ئېقىمى يامراپ ئەقىلگە
مۇۋاپىق قائىدە - تۈزۈملەر بۇزۇلۇپ، زاۋۇت قالايمىقانلىشىپ، ھەر
يىلى 45 مىڭ يۈەن پايدا جۇغلايدىغان، دۆلەتكە 21 مىڭ يۈەن باج
تاپشۇرىدىغان بۇ زاۋۇت بىردىنلا زىيان تارتىدىغان ئەھۋالغا دۇچ
كەلدى. مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە، زاۋۇت رەھبەرلىكى سانائەت ئى-
گىلىكى تەرەققىي قىلمىغان يۇرتنىڭ تىكلىگەن ئىگىلىكى ئۇلىغا تاش
باسمىغان بىنانىڭ تېمىغا ئوخشايدۇ، دېگەن قائىدىنى چوڭقۇر چۈشى-
نىپ يېتىپ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ھۈنەرۋەنلەرنىڭ قوللىشىغا تايى-
نىپ، كاسىپلارنىڭ تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، زاۋۇتنى ساغلام تەرەققى-
يات يولىغا يېتەكلىدى.

ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ
كۈرەش قىلىش، تىرىشچانلىق - ئىقتىسادچىللىق بىلەن زاۋۇت باش-
قۇرۇش — بۇ زاۋۇت ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن بىر نۇقتا.
ئۇلار ھەمكارلىق گۇرۇپپا بولۇپ تۇرۇۋاتقاندا، يەتتە كۆيەكلىك ئو-
چاقنىڭ تۆتى ئوچۇقچىلىقتا ئىدى. لېكىن، ئۇلار تەرەققىيات يولىغا
تەلپۈنگەن بىر قەلب، ئىككى بىلىكىگە تايىنىپ تاغدەك جاپانى يەڭ-
دى؛ ئۆي بولمىسا دەڭنى ئىجارىگە ئېلىپ ئىشنى داۋاملاشتۇردى،

رايونلۇق بىناكارلىق قۇرۇلۇش سىستېمىسى ۋە ئاپتونوم رايونى بويىچە كۆپ قېتىم ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى، ئەمگەك نەمۇنىچىسى، «5 تە ياخشى» ئىشچى - خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى. 1978- يىلى ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق قۇرۇلۇش سىستېمىسى بويىچە چاقىرىلغان سانائەتتە داچىڭدىن ئۆگىنىش يىغىنىدا «تام ئېتىشتە سوۋېت ماھىرى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. 1979- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق 2- قېتىملىق «سوۋېت ئېيى» پائالىيىتىدە يەنە بىر قېتىم تەقدىرلىنىپ، شەرەپ سەھنىسىدىن ئورۇن ئالدى. يېقىنقى ئىككى يىل ئىچىدە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا قوشقان تۆھپىسى زور بولغانلىقى ئۈچۈن 200 يۈەن مۇكاپات، 800 يۈەن ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىغانلىق پۇلى ئالدى.

مەن بۇ قېتىم يېشى 60 قا ئۇلاشقان بۇ پېشقەدەم تامچىنى زىيارەت قىلدىم. ئۇنىڭ يىگىتلەردەك قويۇۋالغان بۇرۇتى دىقماققىنە كەلگەن بەستىگە تولىمۇ ياراشقانىدى.

— تۇردى ئاخۇن ئاكا، 40 نەچچە يىل تام ئۇستىدە يۇرۇپسىز، چېچىڭىزمۇ ئۆزىڭىز ئاقلىغان تام رەڭگىگە ئوخشاپ قاپتۇ، دەم ئېلىشقا چىقىپ سوتسىيالىزمنىڭ قەنتىنى چاينىسىڭىزمۇ بولغۇدەك، — دەپ چاقچاق قىلدىم.

مېنىڭ ئېيتقانلىرىم بۇ پېشقەدەم ئۇستىغا غەلىتە تۇيۇلدى بولغاي، چىرايىنى سەل ئۆزگەرتىپ:

— چېچىمغا ئاق كىرگىنى بىلەن، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشۇش ئىرادەمگە ئاق كىرگىنى يوق، ئۇكام، يېڭى ئۇزۇن سەپەردە كېتىۋاتىمىز، جېنىم تېنىمدە ئامانلا بولىدىكەن، سوتسىيالىزم بىناسىغا يەنە چارەك ئەسىر خىش قويىمەن، — دېدى.

قاراڭ! 20 ياشقا كىرمەي تۇرۇپ تامچىلىق كەسپىنى قولغا ئېلىپ، «يېشى كىچىك بولسىمۇ پەمى چوڭ تامچى» دېگەن ئاتاققا ئېرىشىپ، قەشقەردە ئول زامانىنىڭ داڭدار تامچىلىرىدىن بولغان نەزەر ئۇستا، ئابلىراخۇن نەققاش، قادىر ئەپەندى قاتارلىقلاردىن قېلىشماي

## «تامچىنىڭ پىرى»

*— ئاپتونوم رايونى بويىچە تامچىلىقتا سوۋېت ماھىرى، جەنۇبىي شىنجاڭ بىناكارلىق - قۇرۇلۇش شىركىتى 2- قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ تامچىسى تۇردى قاسىم توغرىسىدا*

دوستۇم، سىز سۇتتەك ئاقارتىلغان ئازادە ئۆيلەردە يېتىپ - قوپقىنىڭىزدا، ئاسمان - پەلەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قەۋەتلىك بىنا- لاردا خاتىرجەم خىزمەت قىلىۋاتقىنىڭىزدا، كۆركەم سىپىلىنغان كۇ- لۇب- زاللاردا بەھۇزۇر ئولتۇرۇپ ئويۇن كۆرگىنىڭىزدە، ئىيۇلنىڭ پىژ - پىژ ئىسسىقلىرىدا پۈتۈن ئەزايى چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ دىگۈك ئويۇۋاتقان، كۆز ئاچقۇسىز بورانغا پىسەنت قىلماي تام ئۈستى- دە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ماھىرلىق بىلەن خىش قويۇۋاتقان، يانۋار- نىڭ ئۈششۈك ھەرىدەك چېقىۋاتقان قەھرىتان سوغۇقلىرىدا مۇزدەك لايىنى تۇتۇپ تام سۇۋاۋاتقان بىناكارلىق قۇرۇلۇش جەڭچىلىرىنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرىدىغانسىز! ئۆمرىنىڭ 40 يىلدىن كۆپرەكى تامچى- لىق بىلەن ئۆتكەن جەنۇبىي شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى 2- قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ پېشقەدەم تامچىسى تۇردى قاسىم ئەنە شۇ بىناكارلىق قۇرۇلۇش جەڭچىلىرىنىڭ بىرى.

تۇردى قاسىم شىركەتتە ئىشلىگەن ئۇزاق يىل مابەينىدە ئىش ئورنىنى ئۆز ئائىلىسىدەك كۆرۈپ، كەسپىي ماھارىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، باش چۆكۈرۈپ ئىشلەپ، بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئىشلى- رىدا تۆھپە يارىتىپ، ئۆز شىركىتى، قەشقەر ۋىلايىتى، ئاپتونوم

چىرىغىنى تېخىمۇ يورۇتتى. تەشكىل ئۇنى قويىنغا تارتقاندىن كېيىن يەنىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، سوتسىيالىزم ئۈچۈن بىر ئۆمۈر بىنا سېلىشقا بەل باغلىدى. ئۇ: «جەمئىيەت تەرەققىي قىلماقتا، بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئىشلىرىمۇ تەرەققىي قىلىدۇ، مەنمۇ كەسپتە تەرەققىي قىلىشىم كېرەك» دەپ قاراپ، بىناكارلىق قۇرۇلۇش ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشكە تىرىشتى. كۈندۈزلىرى بىنا قوپۇرۇش بىلەن شۇغۇللانسا، كېچىلىرى بىناكارلىق قۇرۇلۇشىغا دائىر نەزەرىيىۋى كىتاب-ژۇرناللارنى تېپىپ ئوقۇدى؛ ھەرخىل بىنا خەرىتىلىرىنى سىزىپ مەشىق قىلدى؛ گېزىت - ژۇرناللارغا بېسىلغان كۆركەم، ھەرخىل-ھەر ياڭزا بىنا نۇسخىلىرىنى كېسىۋېلىپ، «بىناكارلىق قۇرۇلۇشى خاتىرىسى» گە چاپلاپ پايدىلاندى؛ قەيەردە يېڭى بىر بىنا بارلىققا كەلگەن بولسا شۇ يەرگە بېرىپ، شەكلىنى سىزىۋېلىپ ھۈنىرىنى بېيىتتى.

«غەلىبە — جاپالىق ئەمگەكتىن كېلىدۇ» تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ بۇ سۆزىمۇ ناھايىتى جايىدا ئېيتىلغان. تامچىلىق ئاسان ھۈنەر ئەمەس، قىش - ياز ئوچۇقچىلىقتا ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. بىرغۇلاچ تامنى ئېتىپ چىقىشتا تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ قانچە قېتىم ئولتۇرۇپ، قانچە قېتىم ئورنىدىن تۇرىدىغانلىقىنى، قانچە قېتىم ئېڭىشىپ، قانچە قېتىم قىش سۇنۇپ ئالىدىغانلىقىنى ھېسابلاپ چىقىشمۇ تەس؛ ئۇ ئوچاق سېلىشتىن قەۋەتلىك بىنا سېلىشقىچە بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلدى، بەزى زاۋۇتلارنىڭ 50 مېتىردىن ئېگىز تۇرخۇنلىرىنىمۇ جا باغلىماي ئېتىپ چىقتى، رەھبەرلىك بولسۇن-بولمىسۇن، ھاۋا ئوچۇق ياكى تۇتۇق بولسۇن، قىش ياكى ياز بولسۇن، كېچە ياكى كۈندۈز بولسۇن بېشىنى ئېگىگە تىقىپ، ئىنقىلابنىڭ ياۋاش كالىسى بولۇپ ئىشلەۋەردى. بەزىدە ھارۋا بىلەن خىش سۆرىسە، بەزىدە بالداق بىلەن سۇ توشۇدى، بەزىدە تام ئەتسە، بەزىدە تام سۇۋىدى، بەزىدە ئۆگزىگە كاكىل لاي سالسا، بەزىدە ئۆي ئىچىگە سىمونت ياتقۇزدى، ئىشنىڭ قىيىنىنى، يوكنىڭ ئېغىرىنى تالىشىپ ئىشلىدى. 1977- يىلى ئىيۇلدا ئۇنىڭ ئائىلى كېسەللىك سەۋەبى

باسقان موساپىسىنى

ھۈنەر كۆرسىتىپ، كەڭ ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان؛ ئازادلىقتىن كېيىن خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ تەربىيىلىشى ئارقىسىدا تېخنىكىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، قەشقەر شەھىرىدە كۆزگە كۆرۈنگەن قۇرۇلۇشلاردىن «1- ماي» تىياتىرخانىسى، توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، «ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيى» قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ بىنالىرىنى ياساشقا قاتنىشىپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان، ئۆزى قېرىسىمۇ، روھى، قولى، ھۈنىرى قېرىمىغان بۇ پېشقەدەم ئۇستىنىڭ سۆزى نېمىدېگەن ئورۇنلۇق - ھە!

— ھۈنەر ئۆگىنىشتە ئېرىنمىگەن كىشى ئۇتۇپ چىقالايدۇ، — دېدى تۇردى ئاخۇن ئاكا تۇنجى قېتىم لايغا قول تىققاندىن تارتىپ داڭدار ئۇستا بولۇپ يېتىشكەنگە قەدەر ئۆتكەن مۇساپىنى ئەسلەپ. دەرۋەقە تۇردى ئاخۇن ئاكامنىڭ ھاياتىنى تامچىلىق ھۈنىرىنى ئېرىنمەي بېرىلىپ ئۆگەنگەن ھايات دېسەك ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئاتىسى قاسىم ئاخۇن خانئېرىق ئۇل زامانىنىڭ داڭلىق تامچىلىرىدىن ئىدى. ھۈنەر ئۆگىنىشكە قەلبىدە ئارزۇ - ھەۋەس ئوتلىرى لاۋۇلداۋاتقان تۇردى ئاخۇن كىچىك ۋاقتىدىلا ئاتا كەسپىگە بەكمۇ قىزىققانتى، شۇڭا ئۇ 14 ياشقا كىرە - كىرمەيلا ئاتىسىغا ئەگىشىپ ھۈنەر ئۆگىنىش يولىغا ماڭدى. تامچىلىقنىڭ مۇشەققىتى تولا، ھەتتا خەتىرى بار كەسىپ بولسىمۇ، ئۇ ئاتا كەسپىنى ئۆگىنىش ھەۋىسىدىن يانمىدى. ئاتىسى نەگە بارسا شۇ يەرگە بېرىپ، بازا، بۇرجەك چىقىرىش، ھەتتا بىناكارلىقتا قىيىن ئاتالغان مىللىيچە نۇسخىلاردىن قەپىزەك، لىڭگا، پوشەك، مېھراب ياساشقىچە بولغان ئىش تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىگە قاتناشتى. بىلمىگەنلىرىنى ئاتىسى ۋە باشقا ئۇستىلاردىن ئېرىنمەي سورىدى، بەزىلىرىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئۆگەندى. شۇنداق قىلىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇستا بولۇپ يېتىشتى. ئۇ يەنىمۇ ئىزدىنىپ، نەققاشچىلىق، ئويمىچىلىق، ھەيكەلتىراشلىقتەك ئىنچىكە ھۈنەر - سەنئەتنىمۇ ئۆگىنىۋالدى. ئازادلىقنىڭ تاڭ نۇرى ئۇنىڭ ھۈنەر - سەنئەت ئىشقىدا يانغان قەلب

— بىنا سالساڭ پۇختا سال، سالالمىساڭ ئىشلىمەيلا قال، — دەيدۇ ئۇ قۇرۇلۇش سۇپىتى ئۈستىدە گەپ بولغاندا.

ھەقىقەتەنمۇ تۇردى ئاخۇن ئۇستام ئەتكەن تام تىكلىكىنىڭ تەكشى، تام يۈزىنىڭ تۈز چىقىشى، خىشنىڭ جىپسىلىقى، كۆركەملىكى بىلەن مەشھۇر. بۇنىڭ سەۋەبى «سۇپەت بىرىنچى» دەيدىغان ئىدىيە ئۇنىڭ كاللىسىدا چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. شۇڭا، كۆپ يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ مەسئۇللۇقىدا ياسالغان قۇرۇلۇشلار دۆلەت ئۆلچىمىدىن ئېشىپ كەلدى، ئەلا سۇپەتلىك قۇرۇلۇش نىسبىتىمۇ يىلدىن - يىلغا ئۆستى. شىركەتتىكى چوڭ - كىچىكلەرنىڭ تۇردى ئاخۇن ئاكىنى «تامچىنىڭ پىرى» دەپ ئاتاپ كېلىشىمۇ ئەنە شۇنىڭدىن بولغان.

تىرىشچانلىق - ئىقتىسادچىللىق بىلەن تام ئېتىش — يولداش تۇردى قاسىمنىڭ ئېسىل خىسلەتلىرىنىڭ بىرى. ئۇ ئىش ئورنىدا تاشلىنىپ قالغان بىرەر پارچە خىش، بىرەر كومىلاچ لاي، بىرەر تىشاڭ سېمونتىنىمۇ ئىسراپ قىلماي، ئاسراپ ئىشلىتىدۇ. تۇردى ئاخۇن ئاكا بىر - ئىككى سائەت ئۇشۇق ئىشلەشكە رازىكى، ئېشىپ قالغان بىر ئازگال لاينى ئەتكە قالدۇرۇشقا كۆزى قىيمايدۇ. يىراقنى قويۇپ تۇرۇپ، ئالدىنقى ئىككى يىل ئىچىدە ئۇنىڭ گۇرۇپپىسى 85 مىڭ دانە پىششىق خىش، بەش تونندىن ئارتۇق سېمونت، 12 كۇب مېتىر قۇم، 27 كۇب مېتىر تاش، 5000 يۈەندىن ئارتۇق پۇل ئىقتىساد قىلدى، سېنتەبىرنىڭ ئاخىرىغىچە بۇ يىللىق ۋەزىپىنى 40.37% ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى.

1979- يىل دېكابىر

بىلەن دوختۇرخانىدا ئۈچ ئايدىن كۆپرەك يېتىپ قېلىپ، ئائىلە ۋە ئائىلىدىكى تۆت بالىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۇنىڭغا يۈكلەندى. شۇنداق ئەھۋالدىمۇ تۇردى ئاخۇن ئاكا ئۆزى ياساۋاتقان قۇرۇلۇشنىڭ جىددىيلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، خىزمەتنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ئىشقا يەنىلا سەھەر بېرىپ، كەچ قايتىپ، بىر كۈنمۇ كېچىكمەي ۋەزىپىنى كۈنلۈكى 30% ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى. بۇ يىل ئاپرېلدا ئۇ مەسئۇل بولغان تامچىلىق گورۇپپىسى يېڭىشەھەردىكى مەلۇم قىسىم-نىڭ قۇرۇلۇشىنى قىلىۋاتاتتى، قۇرۇلۇش جىددىي باسقۇچقا كىرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئالەمنى قارا تۇتەك قاپلاپ، قاتتىق بوران چىقىپ، ئەتراپنى پەرق ئەتكىلى بولمىدى. بۇ چاغدا بەزىلەر ئەتە ئىشلەشنى ئېيتىشتى، لېكىن ئۇ كۆڭلىدە، بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويساق، لاي ئېتىپ قويغان سېمونت بۇزۇلىدۇ، يەنە كېلىپ، بۈگۈنكى ۋەزىپە ئەتىگە قالسا، ئەتىدىكى ۋەزىپە ئۆگۈنگە قالغىنى تۇرغان گەپ، زەربە-دارلىق بىلەن بۈگۈنكى ۋەزىپىنى قالدۇرماي ئورۇندىشىمىز كېرەك، دەپ ئويلىدى - دە، خىزمەتچىلەرنى يېتەكلەپ، 16 ئەمگەك كۈچى بىلەن ئۇزۇنلۇقى 800 مېتىر، ئېگىزلىكى 20 سانتىمېتىر تامنىڭ زەدىۋال سېمونت سۇۋىقىنى سۈپەت تەلىپى بويىچە مۇددەتتىن بۇرۇن پۈتكۈزۈپ، كۆپلىگەن گۈڭ ئىقتىساد قىلىپ، قىسىم ۋە قۇرۇلۇش ئەترىتى مەسئۇللىرىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى. يالغۇز بۇلا ئەمەس، يولداش تۇردى قاسىم گورۇپپىغا مەسئۇل بولغان 18 يىل مابەينىدە، قالدۇرۇپ كەتكەن ياخشى ئىش، ياخشى خىسلەتلەر ھەددى - ھېساب-سىز.

«ھۈنەر — قىلسا ئۈنەر» بۇ تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ شاگىرتلىرى-غا داۋاملىق ئېيتىدىغان سۆزى. تۇردى ئاخۇن ئۇستام تامچىلىق ھاياتىدا شاگىرت يېتىشتۈرۈشكىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، شا-گىرتلارنى ئاتىسىغا ئوخشاش كۆيۈنۈپ تەربىيىلىدى. ئۇنىڭ تەربىيە-لەپ يېتىشتۈرگەن شاگىرتى 70 تىن ئېشىپ، ئۇلارنىڭ ئالدى ئال-تىنچى، كەينى تۆتىنچى دەرىجىلىك تامچى بولۇپ يېتىشىپ، زامانى-ۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا تايانچ كۈچلەردىن بولۇپ قالدى.

بولۇپ چوڭ ـ كىچىك 11 سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنى لايىھىلەپ چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدە سەككىز سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش ۋە قۇراشتۇرۇش ئىشىغا ئۆزى بىۋاستە مەشغۇل بولدى. ئۇ لايىھىلەش ۋە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش جەريانىدا، ھەرقايسى جايلارنىڭ شەرت ـ شارائىتىغا ئاساسەن ئىش كۆرۈپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە مەبلەغنى تېجەشكە، قۇرۇلۇشنى پۇختا، مۇستەھكەم، كۆركەمرەك قىلىشقا تىرىشتى. ئۆز جايىدىن تاپقىلى بولىدىغان ماتېرىياللارنى سىرتتىن ئەكەلدۇرمىدى، ئۆزى قىلىشقا كۆزى يەتكەن ئىشلارنى باشقىلارغا قىلدۇرمىدى. ئۇ ئۆزىگە: ۋاقىتنىڭ خوجىسى بولۇش، ئەستايىدىل ئىشلەش، يېڭىلىق يارىتىش ۋە جاپالىق ئىشلەشتىن ئىبارەت تۆت تەلەپنى قويدى ۋە بۇنى ئەمەلىيىتىدە كۆرسەتتى.

يەكەن ناھىيىسىنىڭ ئۇپا 1ـ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى لايىھىلەپ چېرتيوژلىرىنى سىزىۋاتقاندا، توساتتىن شۇي شىنمىننىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ كېتىدۇ، دوختۇرلار ئۇنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، كېزىك بولۇپ قالغانلىقىنى ئېنىقلاپ ئۇنىڭ بالنىستتا يېتىپ داۋالىنىشىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئۈچ كۈن ئاسما ئوكۇل سېلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قىزىتمىسى بىرئاز چۈشكەن بولسىمۇ ئەھۋالىدا ئۆزگىرىش بولمىدى. لېكىن ئۇ بالنىستتا چېرتيوژ سىزىشنى داۋاملاشتۇردى. بالنىستتىن چىقىش ئالدىدا دوختۇرلار ئۇنىڭ مەلۇم ۋاقىت دەم ئېلىشىنى ئورۇنلاشتۇرغان بولسىمۇ دەم ئالماي ئىشلەۋەردى. 1974ـ يىلىدىن 1979ـ يىلىغىچە بولغان بەش يىل ئىچىدە ئۇ يەكەن ناھىيىسىدىكى كاچۇڭ توسمىسى، سوغۇچاق سۇ ئامبىرى قاتارلىق چوڭ ـ چوڭ سۇ قۇرۇلمىلىرىنىڭ لايىھىلىرىنى تۈزەش؛ ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا قاتنىشىپ ۋەزىپىنى ۋاقتىدا ئورۇندىدى.

سۇ ئېلېكتر قۇرۇلمىلىرىنىڭ ھەربىرى ئاز بولغاندا نەچچە 10 مىڭ يۈەن، نەچچە يۈز مىڭ يۈەن، كۆپ بولغاندا نەچچە مىليون يۈەن مەبلەغ، مىڭلاپ ـ ئون مىڭلاپ ئەمگەك كۈچى بىلەن پۈتىدۇ. ھالبۇ-

# سۇ ئېلېكتر ئىشلىرىغا بېغىشلانغان قەلب

ۋۇخەن سۇ ئېلېكتر ئىنستىتۇتىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتكۈزۈپ، چېگرا رايوننىڭ سۇ ئېلېكتر ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلىغان شۆي شىنمىننىڭ شىنجاڭغا كېلىشى دەل سول لۇشيەن ھۆكۈمرانلىق قىلىپ «ئىچكى ئۇرۇش» ئەۋجىگە چىققان پەيتكە توغرا كەلدى. ئۇ چاغلاردا يېڭىدىن سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنى قۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش توغرىسىدا سۆزلەشمۇ ناھايىتى قىيىن ئىدى.

قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۆز بىلىمىنى چېگرا رايون خەلقىگە تەقدىم قىلىپ، شىنجاڭنىڭ سۇ ئېلېكتر ئىشلىرى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى كۆڭلىگە پۈككەن شۆي شىنمىننىڭ ئىچى تىت - تىت بولۇشقا باشلىدى: «ئەلمىساقتىن تارتىپ ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ئەڭ ئاساسلىق پائالىيەت بولۇپ كەلگەن، ئەجەبا بۈگۈنگە كەلگەندە غەلىتە ئىشلار ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتۈپ قالدىيا! ...» ئۇ قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن ئويلا - ئويلا، ئاخىر مۇنداق نىيەتكە كەلدى: «جەمئىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن يەنىلا سۇ ئېلېكتر ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش زۆرۈر، بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىش يوللۇق، شەرەپلىك، مەن تىرىشىپ ئۆگىنىپ، بۇ خىزمەتتە يېڭىلىق يارىتىپ، تۆھپە قوشۇشۇم كېرەك».

شۆي شىنمىن خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىن، ئىلگىرى - ئاخىر

بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغاندىن تاشقىرى، ئىش ئۈنۈمىنى تۆت ھەسسە
ئۆستۈردى. ئۇ يەنە ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى ئېلېكتر ئىستانسىلى-
رىنىڭ بېسىم تەڭشەش سۇپىلىرىنى ياساشتا بۇرۇنقىدەك ساپلا بېتون
ئىشلەتمەي، ئازراق پارچە - پۇرات پولات ماتېرىياللىرى ۋە ياغاچ
بىلەن قۇراشتۇرۇشنى ئويلاپ تېپىپ، 50% چىقىمنى تېجەپ قالدى.

سۇ ئېلېكتر ئىشلىرى خىزمىتى ھەقىقەتەن جاپالىق خىزمەت.
قۇراشتۇرۇش ئىشلىرى داۋاملىق ئوچۇقچىلىقتا، دالىدا ئېلىپ بېرى-
لىدۇ، قەھرىتان سوغۇقلاردا، پىژغىرىم ئىسسىقلاردا ئىشلەشكە توغ-
را كېلەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ قىيىنچىلىق ئالدىدا ۋايسىماي،
خىزمەتنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئىشلەپ، قۇرۇلۇش سۈپىتىنى دۆلەت
ئۆلچىمىگە يەتكۈزدى.

شان - شەرەپ جاپالىق ئىزدىنىشتىن كېلىدۇ. شۇي شىنمىن
يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى قۇرۇ-
لۇشلىرىنىڭ سۈپىتى ئاپتونوم رايونلۇق سۇ ئېلېكتر ئىشلىرى تارماق-
لىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى ھەمدە مەملىكەتلىك ئوتتۇرا،
كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن
تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا ئۇلارنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرى تونۇش-
تۇرۇلدى. بۇ قېتىم يەنە شۇي شىنمىن قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا
ئىگىلىكى سېپىدىكى پەن - تېخنىكا ئىلغارلىرى قاتارىدىن ئورۇن
ئېلىپ، يىغىن ئەھلىگە ئىش ئىزلىرىنى تونۇشتۇردى.

1980- يىل يانۋار

كى، مەسئۇل تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئازراق بىخەستەلىكى زور زىيان-لارنى كەلتۈرۈشى تۇرغان گەپ ئىدى. شۇي شىنمىن كىچىك ئىشلار-دىن تارتىپ چوڭ ئىشلارغىچە ھەممىدە بىرەر ئۆتكەلنىمۇ بىخەستەلىك بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتمىدى. 1975- يىلى نويابىرنىڭ ئاخىرىدا، ئوپا 1-ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇشى جىددىي قۇراشتۇرۇش باسقۇچىغا كىرگەن مەزگىللەردە، يەكەن ناھىيىلىك پارتكوم قەتئىينيەتكە كې-لىپ يىل ئاخىرىدا توك بېرىشنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئورۇنلاشتۇر-دى. قۇرۇلۇشقا مەسئۇل بولغان شۇي شىنمىن ئالدىراشلىق ئىچىدە سوغۇق قان، ئەستايىدىل بولۇپ، ھەممىنى تەڭ سەپەرۋەرلىككە كەل-تۈرۈپ، ئۇنۇملۇك تەدبىرلەرنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق ۋەزىپىنى ۋاقتىدا، سۈپەتلىك ئورۇنداپ، يىل ئاخىرىدىن بۇرۇن توك بېرىشنى قولغا كەلتۈردى.

جايلارنىڭ يەر شارائىتى، سۇ مىقدارى، شارقىراتمىسى ۋە تېم-پېراتۇرىسى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن شۇي شىنمىن سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنى لايىھىلەش، قۇرۇپ چىقىشتا شۇ جاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ئىش كۆردى، يۈرەكلىك ھالدا يېڭىلىق ياراتتى. قىش پەسلى يېتىپ كېلىپ دەريالار مۇزلاپ كېتىدىغان جايلاردا، مۇزنىڭ كاشىلىسىنى يېڭىش — ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشتىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلە. ئوپا 2- ئېلېكتر ئىستان-سىسىنى قۇرۇش ۋاقتىدا، ئۇ ئاز سۇ بىلەن مۇز چىقىرىۋېتىش ماشىنىسىنى ئورنىتىپ، ئۇنىڭ يېنىغا ئىككى قەۋەتلىك سۇ تىندۇ-رۇش كۆلچىكى ۋە مۇز كۆچۈرمىسى ئورۇنلاشتۇردى. بۇنىڭ بىلەن قىش - ياز ئوخشاش توك تارقىتىشقا كاپالەتلىك قىلىندى. ئېلېكتر ماشىنىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئوقۇرنىڭ تەكشىلىكىنى ئۆلچەشمۇ بىر قىيىن ئۆتكەل بولۇپ، ئادەتتىكى تەكشىلىك ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب-لارنىڭ تەۋرىنىشچانلىقى چوڭ، باشقۇرۇش قىيىن بولغانلىقتىن، ئاسانلا سەۋەنلىك كېلىپ چىقاتتى. شۇي شىنمىن بۇ جەھەتتىمۇ مېڭە ئىشلىتىپ، ئۆلچىگۈچ دۇربۇن بىلەن تۆمۈر چىزىنى بىر يەرگە قويۇپ ئۆلچەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، تېخنىكىلىق ئىشلارنىڭ توغرا

ئۇنىڭ پىغانلىق ئاۋازى پۈتۈن زال ئىچىنى تىترەتمەكتە، تاماشىبىنلار قەلبىنى زىلزىلىگە سالماقتا. پەردىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئالماشماقتا، ئويۇن قىزغىن داۋام قىلماقتا.

ئۈچ يىل ھىجرانلىق ئازابى تارتقان سەنەم مانا ئەمدى غېرىب بىلەن چارباغدا ئۇچرىشىپ، شېرىن ۋىسال ھاۋاسىدىن خۇشبۇي نەپەس ئالماقتا. ئۇ كۈلمەكتە، كىيىنىش ئۈچۈن كىرىپ كەتكەن ئاشىقى غېرىب يولىغا تەشنالىق بىلەن تىكىلمەكتە...

غېرىب بىلەن سەنەمدىن ئىبارەت بىر جۈپ ۋاپادار ئوتتۇرىسىغا ئۇنگەن ئابدۇللا شاتىرى ئىسىملىك زەھەرلىك قارا تىكەن ئۆز جاللاتلىرىنىڭ ھىمايىسىدە: «سۆزۈمگە كىرمىسىڭىز ناگاھان، ئوردىڭىزدا ئاقىدۇ قان، ئاتىڭىزمۇ قالمايدۇ ئامان! ...» دەپ شاھ سەنەمگە ھەيۋە قىلماقتا.

چىن مۇھەببەت يولىغا ئۆزىنى بېغىشلىغان ساپ ۋىجدانلىق سەنەم پۈتۈن قەھر ـ غەزەپ، ئۆچمەنلىكىنى چىش ـ تىرنىقىغىچە قورال‌لانغان جاللات ئابدۇللا شاتىرىغا ئەجەللىك ئوق قىلىپ ئاتماقتا: «سېنىڭ ئىپلاس مەقسىتىڭ ئاللىقاچان ماڭا ئايان، سەن ئۈچۈن ساپ مۇھەببىتىمنى قىلمايمەن قۇربان!»

خەلق ئەڭ ياخشى باھالىغۇچى. بىز زال ئارىلاپ، تاماشىبىنلارنىڭ باھالاش سۆزلىرىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سالماقتىمىز، ھېسسىياتلىق چىرايلىرىغا سەپسالماقتىمىز، تاماشىبىنلار شاھ سەنەم رولىغا ئالاھىدە قىزىقىش بىلەن كۆز تىكمەكتە، پەردە ئالمىشىش ئارىلىقىدا بىر ـ بىرلىرى بىلەن ھېسسىيات ئالماشتۇرماقتا:

— سالامەتقىز ياخشى ئوينىدى، راست، ناھايىتى ياخشى ئوينىدى.

تاماشىبىنلار سالامەتقىزنىڭ نازۇك مۇھەببەتلىك ھېسسىياتىنى خېلى ساغلام، سەممىي ۋە تەبىئىي ئىپادىلەۋاتقانلىقىنى ماختاشماقتا، ناز ـ خۇلقىنىڭ چىرايلىقلىقى، ھەرىكىتىنىڭ نەپىسلىكى، ئاۋازىنىڭ يېقىملىقىنى ماختاشماقتا:

بىز سەھنىگە — چىن مۇھەببەت قىسسىسىنىڭ بۇ باش قەھرىمانىغا ئوتتەك قىزغىن سۆيۈنۈش ھېسسىياتىمىز بىلەن تىكىلمەكتە-

# سالامەتقىز سەنەم رولىدا

قەشقەر «1- ماي» تىياتىرخانىسىنىڭ ئات باغرى رەڭلىك دوخاۋا پەردىسى ئاستا ئېچىلىپ، شاھى ئابباسىنىڭ ھەشەمەتلىك سىپىل بىلەن قورشالغان گۈزەل شىپائلىق بېغى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولدى. ئوتقاشتەك قىزىل نۇرغا چۆمۈلگەن بۇ گۈزەل باغدا بۇلبۇللار زوق - شوق بىلەن سايرىماقتا، گۈل - غۇنچىلار ناز بىلەن ئېچىلىپ، كۆيچى بۇلبۇللارغا قاراپ تەبەسسۇم بىلەن كۈلمەكتە. قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئارتىسلىرى بەش پەردە، يەتتە كۆرۈنۈشلۈك ئۇيغۇر كلاسسىك ئوپېراسى — «غېرىب - سەنەم» دىكى تېگىشلىك روللىرىنى زور تىرىشچانلىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئادا قىلماقتا.

ئەنە، ئادالەتپەرۋەر ياخشى ئۇستازى جالالىدىن موللىدىن تەلىم ئالغان ئاق كۆڭۈل، ۋاپادار سەنەم ئۆز غېرىبىنىڭ ئىشق - پىراقىدا مۇڭلۇق ناۋا ئەيلىمەكتە:

بۇلبۇلى بىچارىسەن، گۈل ئىشقىدا پەرياد قىل،
ئاشىقى سەرگەشتە بولساڭ ئۇيقۇنى بىدار قىل...

ئۇنىڭ يار ۋەسلىگە تەشنا قەلبىنى دەرد - ھىجران نەشتىرى قان قىلغان. ئۇ ھازىر غېرىب بىلەن كۆرۈشمەكچى، ئۇستازىنىڭ دۇئاسىنى ئالماقچى... ئۆز ئاشىقى چەكسىز مېھىر - مۇھەببەت بىلەن ئۈزاتقان بىر دەستە قىزىلگۈلنى يۈرەك - باغرىغا تاڭغان سەنەم تاغدىن ئېگىز، دېڭىزدىن چوڭقۇر قايغۇ - ھەسرىتىنى ئىزھار قىلماقتا.

شەنچىسىنى، داداڭنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلا!» دەپ قايتا - قايتا تاپىلىغاندا، سەن: «جېنىم ئانا، خاتىرجەم بولغىن، بۇ رولنى جەزمەن ياخشى ئېلىپ چىقىمەن!» دەپ ۋەدە بېرىپ، قەتئىي نىيەتكە كەلگەن ئەمەسمىدىڭ؟! سالامەت قىز، سەن پەقەت 3 - سىنىپقىچىلىكلا ئوقۇيالىغان، كونا يېزىقتا ساۋاتىڭ يوق، ئوپېرا كىتابى بولسا كونا يېزىقتا يېزىلغان، سەن ئوقۇيالمىدىڭ، نۇرغۇن سۆز - ئاتالغۇلارنى چۈشىنەلمىدىڭ ۋە توغرا تەلەپپۇز قىلالمىدىڭ. مۇنداق چاغلاردا سەن پېشقەدەم سەنئەتچىلەردىن مۇلايىملىق ۋە كىچىك پېئىللىق بىلەن ئۆگىنىپ، سۆز- ئاتالغۇلارنى كېچە - كۈندۈز دېگۈدەك يادلاپ چىقمىدىڭمۇ؟ ئوپېرا ئارتىسلىرى ئوچۇقچىلىقتا مەشىق قىلغاندا، سەنمۇ ئۇلار بىلەن بىرلىكتە سوغۇقتا توڭۇپ، ئىسسىقتا كۆيۈپ- پىشىپ، جاپالىق مەشىق قىلمىدىڭمۇ؟ سەنەمنىڭ شۇنچە كۆپ ناخشىلىرىنى ئۆگىنىپ چىقىشتا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىڭ ئازمۇ؟ كونىلار ئېيتقاندەك: «ھەربىرنىڭ چاققىنىغا چىدىغان ئادەم ھەسەل يېيەلەيدۇ»، سەن جاپاغا چىداپ ئۈزلۈكسىز تىرىشىپ ماھارەت يېتىلدۈرگەنلىكىڭ ئۈچۈن بۈگۈن خەلقنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشۋاتىسەن.

سالامەتقىز، خەلق سېنى ئالقىشلىماقتا، ئارزۇ - ئىشەنچىسىنى چاۋاك چاچقۇسى قىلىپ ساڭا چاچماقتا. ساڭا ئوخشاش بىر سولغۇننى ئۆز مېھىر ئاپتىپىدا ئۆستۈرۈپ، چېچەكلەتكەن خەلقىڭگە رەھمەت ئېيتقىن! سېنى شۇنچە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مۇشۇنچىلىك ماھارەت ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلغان ئۆمەك تەشكىلىگە، سېنى ئۆز قىزىدەك ئەتىۋارلاپ تەربىيىلىگەن ئۇستازلىرىڭغا، پېشقەدەم سەنئەتچىلەرگە مىننەتدارلىق بايان قىل!

سالامەتقىز، خەلق ساڭا يۇقىرى ئىشەنچ بىلەن كۆز تىكمەكتە، سېنىڭ باسقىنىڭ تېخى تۇنجى قەدەم. سېنىڭ تولۇقلاشقا تېگىشلىك تەرەپلىرىڭ نۇرغۇن. ھەي سەبىي غۇنچە، بۇ گۈزەل سەنئەت لەيلىزارىنىزدا تېخىمۇ رەڭدار ئېچىلغىن، ئۆمۈر بويى خۇش پۇراق چاچقىن.

(مۇھەممەتئېلى زۇنۇن بىلەن بىرلىشىپ يازغان)

1980- يىل ماي

مىز. يالقۇنلۇق سېزىم پۈتۈن ۋۇجۇدىمىزنى قاپلىماقتا، كۆڭلىمىزدە
تۈمەن خىل سوئاللار كەزمەكتە:

ھەي سالامەتقىز، بۇ سەنمۇ! مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ ئىس-
تۈتەكلىرى يەر - جاھاننى قاپلىغان چاغدا، داداڭ — قەشقەر ياشلىرى
تولىمۇ قەدىرلەيدىغان ئىقتىدارلىق گارمونچى يىگىت ھېكىمجان بىلەن
خەلق ياخشى كۆرىدىغان ياش ناخشىچى ئاناڭ نۇرگۈل «شيۇجېڭجۇيې-
نىڭ تەرغىباتچىسى» دېگەن جىنايى نام بىلەن قاراڭغۇ ئۆيگە نەزەربەند
قىلىنغان دەھشەتلىك كۈنلەردە، سەن ئاغزىدىن ئانا سۈتى تېمىپ
تۇرغان يەتتە ياشلىق مەسۇمە بولساڭمۇ، ئاتا - ئاناڭغا چېتىلىپ
«كىچىك ئالۋاستى» بولغان ئەمەسمىدىڭ؟! 1974- يىلى تۆھمەت،
ھاقارەت دەستىدىن 33 يېشىدىلا ئالەمدىن ئۆتكەن رەھمەتلىك داداڭ
ھېكىمجاننىڭ جىنازىسى ئالدىدا ئىككى ئۇكاڭغا ئۆزۈڭنى ئۇرۇپ،
قان - ياش تۆكۈپ يىغلاپ، تاختاكۆۋرۈك تەرەپكە ماڭغىنىڭدا، تېخى
ئەمدىلا 11 ياشقا قەدەم قويغان ئەمەسمىدىڭ؟!

كۆزىمىز سەھنىدە، ھېسسىياتلىرىمىز قىزىل دەرياسىنىڭ تو-
مۇزدىكى تاشقىنلىرىدەك ئۆركەشلىمەكتە، شاۋقۇنلىماقتا.

سەھنىمىزدە ئەمدىلا ئېچىلغان ھەي قىممەتلىك غۇنچە، ئېيتقى-
نا، يېڭى باھار ئاپتىپىنىڭ پارلاق نۇرى چېچىلمىغان بولسا، سېنىڭ
بۇنچە چىرايلىق ئېچىلىشىڭ مۇمكىنمىدى؟ دۆلەتكە بالايىئاپەت،
خەلققە ئازاب - ئوقۇبەت ئېلىپ كەلگەن زىيانداشلار بىر يولى تارمار
قىلىنىپ، مىليونلارغا يېڭىدىن ھاياتلىق ئاتا قىلىندى. قاتمۇقات
قامال - ئىسكەنجە ئاستىدا بوغۇلغان، تۇنجۇققان سەنئىتىمىزگە يېڭى-
دىن جان بېرىلدى. سەن تېخى يېقىندا 1977- يىلىنىڭ ئاخىرىدىلا،
قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ سەنئەت سىنىپىغا قوبۇل قىلىنىپ،
1979- يىلىنىڭ ئاخىرىدا سەنئەت قوشۇنىغا قاتناشتىڭ. مانا ئەمدى-
لىكتە «غېرىب - سەنەم» دىن ئىبارەت كلاسسىك ئوپېرانىڭ ئاساسىي
باش قەھرىمانلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە تۇنجى قېتىم سەھنىگە چىق-
تىڭ. ئېيتقىنا، ساڭا بۇ رول تەقسىم قىلىنغاندا قانچىلىك خۇش
بولۇپ كەتكەن ئىدىڭ - ھە! ئاناڭ نۇرگۈل سېنى مەھكەم قۇچاقلاپ،
ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ تۇرۇپ: «بالام، تىرىش، تەشكىلنىڭ ئى-

كى سوئالىمغا جاۋابەن، — تومۇز كۈنلىرىدىمۇ ئوتنىڭ ئازابىغا بەر-داشلىق بېرەلىشى كېرەك. بۇ ماموت ناۋاينىڭ قەلب سۆزى ئىدى.
بۇ پېشقەدەم ناۋاي 20 تومۇزنى تونۇر بېشىدا ئۆتكۈزۈپ، ئاچ-چىق ئىس، ئاتەش ئازابىنى يېتىپ ئاشقۇدەك تارتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قەلبى قانداق قىلىپ بۇ ئاددىي خىزمەت ئورنىدا ئاممى-نى تولۇق رازى قىلىش ئوتىدا يانغانلىقى ئۈچۈن، تونۇردىكى ئوت ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئوت ئالدىدا كار قىلمىدى. ماموت يۈسۈپ تونۇر بېشىدا مىختەك تۇرۇپ، خىزمەتداشلىرى بىلەن ئوبدان ئىتتىپاقلى-شىپ، خۇددى ئۆزى ئېيتقاندەك، «كومپارتىيە ئەزاسى يۈكىنىڭ ئې-غىرىنى كۆتۈرۈپ، جاپادا باشقىلارنىڭ ئالدىدا مېڭىشى كېرەك.» دېگەننى ئىشقا ئاشۇردى. ناۋايخانىدا ماموت يۈسۈپ بىلەن يەنە ئۈچ ئۇستا بولۇپ، كۈنلۈكى 400 جىڭ ئۇندا نان يېقىش ۋەزىپىسى بار ئىدى. ئائىلىسى فابرىكىدىن خېلىلا يىراق، كۈنلۈكى بېرىپ - كې-لىش ئۈچۈن ئون نەچچە كىلومېتىر يول ماڭىدىغان ماموت يۈسۈپ مانا مۇشۇنداق ئېغىر ۋەزىپە ئالدىدا ئىشقا بالدۇر كېلىپ، كەچ قايتىپ، بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقتى. ئۇ باشقىلار كېلىشتىن بۇرۇن تونۇرنىڭ كۈلىنى تارتىپ، ئوتۇن يېرىپ، ئوت يېقىپ، كۆمۈر پوم قىلدى. ۋەزىپىنى بۇرۇن تۈگەتكەن بەزى كۈنلە-رى ئۆزلۈكىدىن مىللىي ئاشخانىغا كىرىپ ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا يار-دەملەشتى. 1978- يىلى «1- ماي» خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىشقا توغرا كې-لىپ، بايرام ھارپىسى ئاخشىمى رەھبەرلىك ناۋايخانىغا 3000 سامسا يېقىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى. بىر كۈنلۈك ۋەزىپىنى ئەمدىلا ئورۇنداپ بولغان ماموت يۈسۈپ بۇ ۋەزىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ناۋايخانىدىكى خادىملارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، بىر كېچە ئۇخ-لىماي، گۆش، پىيازلارنى توغراپ قىيما تەييارلاپ، تاڭ ئاتقۇچە ۋەزىپىنى ئورۇنداپ، كەڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ، فابرىكا تەش-كىلىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئۇ مۇشۇنداق ئىشلار بىلەن يېقىنقى ئۈچ ئىيل ئىچىدە 300 سائەتتىن ئوشۇق ئىشلىدى.

# ناۋاينىڭ قەلبى

ئاددىي خىزمەت ئورنىدا جەمئىيەت ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن چوڭ-چوڭ تۆھپىلەرنى قوشۇپ كېلىۋاتقان نۇرغۇن كىشىلەر بار. ئۇلار ئىنسان ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ياخشىلىق قىلىشنى ئويلايدۇ، يامانلىق قىلىشنى نومۇس دەپ بىلىدۇ. مۇنداق كىشىلەرنىڭ نامى تىلدىن-تىلغا ئېلىنىپ، خەلق بىلەن مەڭگۈ بىللە ياشايدۇ. قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ ناۋاي ئىشچىسى مامۇت يۇسۇپ مانا شۇلارنىڭ بىرى. مامۇت يۇسۇپنىڭ فابرىكىدا ناۋايلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنىغا توپتوغرا 20 يىل بولدى. ئۇ 20 يىلدىن بۇيان تونۇر بېشىنى ئۆز ئائىلىسىدەك كۆرۈپ، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ ئىشلەپ، ناۋايلىق ئىش ئورنىدا ئاممىنى تولۇق رازى قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ كەلدى. ئۇ ھەر يىلى دېگۈدەك ئىشلەپچىقىرىش ئىلغارى بولۇپ باھالىنىپ، ئۆز بۆلۈمى ۋە فابرىكا تەرىپىدىن كۆپ قېتىم مۇكاپاتلاندى. 1979-يىلى فابرىكا بويىچە ئۆگىنىش ئۈلگىسى بولۇپ سايلىنىپ، فابرىكا تەشكىلى تەرىپىدىن مۇكاپاتلاندى ۋە تەقدىرلەندى. يېقىندا ئۇ يەنە فابرىكا بويىچە ئېچىلىدىغان 3-نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ سايلاندى.

مەن يېشى 60قا ئۇلاشقان، چاچ-ساقاللىرى خېلىلا ئاقىرىپ قالغان، بەلكىم ئوت ھارارىتىدىن بولسا كېرەك، رەڭگى كەچ كۈزدىكى شاختا قىزارغان چىلاندەك بولۇپ كەتكەن بۇ پېشقەدەم ناۋاينى زىيارەت قىلدىم.

— ناۋاي بولغان كىشى، — دېدى ئۇ مېنىڭ زىيارەت جەريانىدا،

بۇنىڭدا كۆپ پۇل چىقىم بولىدىغانلىقىنى كۆرگەن مامۇت يۇسۇپ ئۆزى تونۇر سېلىشنى ئۆگىنىپ، ئۈچ يىلدىن بۇيان تونۇرنى ئۆزى رېمونت قىلىپ ياساپ، فابرىكىغا 300 يۈەن تېجەپ بەردى. بۇنىڭدىن سىرت، كۆمۈرنى ئادەم يالىلىماي ئۆزلىرى پوم قىلىش، شاخار كۆمۈر يىغىش ئارقىلىق 1979- يىلى بىر يىل ئىچىدىلا 571 يۈەن پۇل ئىقتىساد قىلىپ، فابرىكا ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشتى.

مەن فابرىكىدىكى زىيارىتىمنى ئاخىرلاشتۇرۇپ قايتقان بولساممۇ، لېكىن تومۇزنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقىدا چوغلۇق تونۇرغا دەممۇدەم بېشىنى تىقىپ نان يېقىۋاتقان قەلبى چوغ ناۋاينىڭ پەرىشتىدەك سېيماسى كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى.

1980- يىل ئىيۇن



قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدىكى ھەرمىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرى ئارىسىدا مامۇت يۈسۈپ توغرۇلۇق گەپ بولغاندا، ئۇنىڭ ئاممىنىڭ رىزقىغا قارا سانىمايدىغان، تىرىشچانلىق - ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئىش كۆرىدىغان، ئادىل - خالىسلىق روھىنى تىلغا ئالمايدىغانلار يوق. ئۇنىڭ ياققان نېنىغا يالغۇز ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئامراق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى خەنزۇ ئىشچى - خىزمەتچىلەرمۇ ئامراق. ئۇ نان ياققاندا، خېمىر يۇغۇرۇشتىن تاكى زۇۋۇلا تاۋلاش، ئېچىش، يېپىش، قومۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئەستايىدىل بولدى، بولۇپمۇ ھەربىر ناننىڭ خېمىرىنى ئۈزگەندە بەكمۇ دىققەت قىلدى، بەزىدە باشقا ناۋايلار زۇۋۇلىنى چوڭ-كىچىك قىلىپ قويسا ئۇنى ئۆزى تەڭشىدى ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ دىققەت قىلىشىنى تاپىلىدى. بەزىلەر ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن ئاغرىنىپ: «چوڭ جىڭدا توغرا تارتقاندىن كېيىن، زۇۋۇلا ئۈزگەندە مۇنچىۋالا زىغىرلاپ كېتىشىنىڭ نېمە ھاجىتى» دېگەندە، ئۇ: «خەلق بىزگە ئىشىنىپ ئۇننى نان قىلىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغانىكەن، بىز ھەربىر ناننى لىللا يېقىپ، كۆپچىلىكنى رازى قىلىشىمىز زۆرۈر» دەپ جاۋاب بەردى. بەزىلەر ئۇنىڭ كۆمەچ ناندا چاي ئىچىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «بىز ناۋاي بولغاندىكىن، يېمىسەكمۇ باشقىلار يېدى دەپ قارايدۇ، كۆمەچنى قويۇپ ساق ناننى چىلاپ ئىچسىڭىز بولمامدۇ» دېگەندە، ئۇ «ئۈچ ۋاخ تامىقىمىزنىڭ ناۋايخانىدا ئىكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ ئىسراپ قىلىشقا يول قويماسلىقىمىز كېرەك، ناننى ئۆزىمىز كۆمەچ قىلىۋېتىپ باشقىلارغا بەرسەك قانداق بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

مامۇت يۈسۈپ ئۆز كەسپىگە لازىمەتلىك پەشخۇن، گەزنە، تۇكچە، تەڭنە، داس، پوزا، ھەتتا كۇل تارتقۇغىچە ھەممىسىنى ئاسراپ ئىشلەتتى. يېقىلغۇ ماتېرىياللىرىنىمۇ تېجەپ ئىشلەتتى. بەزى سايمانلار كونىرىسا، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ياسىدى. يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان گەزنە، تۇكچىنى بازاردىن سېتىۋالمىدى. ئىلگىرى تونۇرنى يىلدا ئىككى قېتىم باشقىلارنى تەكلىپ قىلىپ رېمونت قىلدۇراتتى.

چىقىرىۋالغان 50 ياشلار چامىسىدىكى ۋىجىكرەك كەلگەن بىر كىشى
بىز بىلەن قىزغىن سالاملىشىپ كۆرۈشتى. بۇ كىشى كەنت پارتىيە
ياچېيكىسىنىڭ ھەيئىتى، قوشۇمچە كۆكتاتچىلىق مەھەللىسىنىڭ
تېخنىكى تەۋەككۇل ئوسمان ئىكەن. بىز تىنچلىق سوراشقاندىن كې-
يىن، ئۇنى كۆكتاتچىلىق مەھەللىسىنىڭ قانداق قىلىپ قەشقەر شە-
ھىرى بويىچە كۆكتاتچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئىلغار ئورۇن بولۇپ
قالغانلىقى توغرىسىدا ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدۇق.
— كونىلاردا، مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا دېگەن گەپ
بار. مېنىڭچە كۆكتاتچىلىق مەيدانىمىزنى كۆرگەچ ئەھۋاللاشساق قانـ
داق بولار، — دېدى ئۇ.
بىز ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدۇق. ئىككى تەرىپىگە رەتلىك شاپتۇل
كۆچىتى تىكىلگەن ئېرىق بويىدىكى تار يولنى بويلاپ بىردەم ماڭغانـ
دىن كېيىن، تۆت ئەتراپى يۇلغۇن ياغىچى بىلەن قاشالانغان چەيزە
تېرىلغان ئېتىز بېشىغا يېتىپ كەلدۇق. قاشا ئىچىدە 7 — 8 دېھقان
ئايال چەيزە ئۈزۈۋاتاتتى، بىرنەچچەيلەن سېۋەتتىكى چەيزىلەرنى قول
تراكتورىغا قاچىلاۋاتاتتى.
— ئوھوي، قالتىس ئىشقۇ بۇ، — ھەيرانلىق ئىچىدە سورىدىمـ
مەن، — تېخى چەيزە چىقىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلمىگەندۇ؟!
— ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىشنىڭ ئەۋزەللىكى دېگەن
مانا شۇ، — دېدى ياقۇپ مامۇت موخوركىسىنى بىر شورىۋېلىپ، —
بۇ يىل مەھەللىمىز چەيزىنى يىللاردىكىدىن بىر ئاي بۇرۇن بازارغا
ئېلىپ كىردى. بۇ يىل 6- ئايغىچە مۇشۇ بىر موغا يەتمىگەن چەيزە
ئېتىزىدىن 500 يۈەن ئەتراپىدا كىرىم قىلدۇق.
— بۇ يىل غەيرىتىڭلار باشقىچە بوپتۇ - دە، — دېدىممەن.
— كۆكتاتلىرىمىزنىڭ بۇرۇن تەييار بولۇپ بازارغا كىرـ
شىدە، — دېدى تەۋەككۇل ئوسمان، — پارنىكلىرىمىزنىڭ ئوينىغان
رولىمۇ ناھايىتى چوڭ بولدى.
— ئىلگىرى پارنىكتا كۆكتات ئۆستۈرۈشنىڭ گېپى چىقسا بېشى
ئاغرىيدىغان تەۋەككۇلكامنىڭ بۈگۈنكى كۈندە پارنىك دېسە جېنى يايرايـ
دۇ، — چاقچاق ئارىلاش سۆز قىستۇردى بىز بىلەن ھەمراھ بولۇپ

# كۆكتاتچىلىق مەھەللىسىنىڭ يېڭى باھارى

بىز كەنت ئىشخانىسىدىن چىقىپ، كۆكتاتچىلىق مەھەللىسىگە قاراپ يول ئالغىنىمىزدا كۆپ چاشكاھتىن ئۆتكەنىدى. ئىككى تەرىپى سۆۋادان تېرەكلەر بىلەن قاپلانغان تاشيولدا بىر پەس ماڭغاندىن كېيىن، كۆز ئالدىمىزدا كەڭرى كەتكەن كۆكتات ئېتىزلىرى كۆرۈندى.

— مانا بۇ، كۆكتاتچىلىق مەيدانىمىز، — دېدى بىزنى باشلاپ كېلىۋاتقان كۆكتاتچىلىق مەھەللىسىنىڭ باشلىقى ياقۇپ مامۇت. يولنىڭ سول تەرىپىدىكى ئۈچ تەرىپى ئەنجان تام بىلەن قورۇغا ئېلىنغان بىر چوڭ مەيداننى كۆرسىتىپ بىز ۋېلىسىپىتلىرىمىزنى سولغا بۇرىدۇق.

كۆكتاتچىلىق مەيدانى ئىش قاينىمىغا چۆمگەنىدى. دېھقانلارنىڭ بەزىلىرى چۆنەك ئالماقتا، بەزىلىرى مايسا كۆچۈرمەكتە، بەزىلىرى مايسىلارغا ئوغۇت بەرمەكتە، يەنە بەزىلىرى ئېشەك هارۋىلىرىدا ئوغۇت توشۇماقتا. ئۇزۇنغا سوزۇلغان سالا ئېتىزلار ئىچىدىكى كىچىك كاددۇكلارغا رەتلىك كۆچۈرۈلگەن شوخلا، لازا، چەيزە، كاللەكبەسەي مايسىلىرى قۇياش نۇرى جىلۋىلىنەتتى. چۆنەك ئارىلاپ شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇ يېڭىدىن كۆچۈرۈلگەن مايسىلارنىڭ تومۇرىغا قان بولۇپ تارىماقتا، يۇمران مايسىلار مەيىن شامالدا «خۇش كېلىپسىز!» دەپ سالام بەرگەندەك ئاستا باش ئېگەتتى. بىز كۆكتاتچىلىق مەيدانى ئوتتۇرىسىدىكى ئەترەت ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ تۇرۇشىمىزغا، بېشىدىكى سەرپۇش تۇمىقىنى قىستۇرۇپ كىيىۋالغان، بېلىدىكى كۆك بەلۋېغىنىڭ ئىككى ئۇچىنى ئارقىسىغا چۆچا قىلىپ

تۈگۈلگەنىدى، شوخلىمۇ باراڭغا ئېلىنىپ بوپتۇ. بىز ھەۋەس بىلەن كۆرگەچ، بىر ئاز مېڭىۋىدۇق، ئالدى كۈنگەي تەرەپكە قارىتىپ سىپىلىنغان، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 600 مېتىر كېلىدىغان پارنىك مەيدانى كۆز ئالدىمىزدا پەيدا بولدى. پارنىك ئۆيى ئىنچىكىلىك بىلەن قۇراشتۇرۇلغان بولۇپ، ھاۋا ئۆتكۇزۇش - تەڭشەش تۆڭلۈكلىرى پۇختا، سۇ كىرىدىغان ئېرىقلىرىمۇ بېتون بىلەن ئەپلىك قىلىپ ياسالغانىدى.

مەھەللە باشلىقىنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ بېرىشچە، ئۇلار پارنىك ئۆيلىرىنى باشقۇرغۇچى تېخنىك خادىملارنى كەسىپ جەھەتتىن تەربىيىلەشنىمۇ چىڭ تۇتقان، ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى تۇرغۇزۇپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتكەن، مەھەللە باشلىقى ئۆزى باش بولۇپ مەيتىدە بىر قېتىم كۆكتات خىللىرىغا قاراپ پارنىكلار ئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇپ تۇرغان. ئۇلار يەنە بۇلتۇردىن باشلاپ كۆكتاتلارنى ئالدى بىلەن كىچىك پارنىكلارغا تېرىش، ئۇنىڭدىن كېيىن چوڭ پارنىكلارغا كۆچۈرۈش، ئاندىن ئېتىزلارغا ئاپىرىپ كۆچۈرۈشتەك يېڭى ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، كۆكتاتلارنىڭ بۇرۇنقىدىن 15 كۈندىن بىر ئايغىچە بالدۇر بازارغا كىرىشىنى قولغا كەلتۈرگەن، ئۇلار بۇ يىل يەنە كۆكتاتلارنى چاغان بىلەن تەڭ بازارغا ئېلىپ كىرىپ، 5-ئاينىڭ 14- كۈنىگىچە 12 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك كىرىم قىپتۇ. بىز پارنىك مەيدانىدىن ئۆتۈپ، كۆكتاتچىلىق مەيدانىنىڭ شەرقىدىكى جاڭدۇ ئېتىزلىرىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئەترەت ئىشخانىسىغا كەلدۇق. ئىشخانا تېمىدا «قەشقەر شەھىرى بويىچە كۆكتاتچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئىلغار ئورۇن» دېگەن لەۋھە نۇر چېچىپ تۇراتتى. تەۋەككۇل ئوسمان ئەھۋالنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ بەردى. ئەترەت ئىشخانىسىدا ئاڭلىغانلىرىمىز بىلەن كۆكتاتچىلىق مەھەللىسىگە كېلىپ كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىمىزنى بىرلەشتۈرۈپ كۆردۇق. دېگەندەك بۇ كۆكتاتچىلىق ئەترىتى ئۈچ يىلدا چوڭ ئۆزگىرىش ياساپتۇ: ئۈچ يىل ئىچىدە دۆلەتنى 5 مىليون 400 مىڭ جىڭ كۆكتات بىلەن تەمىنلەپ، 346 مىڭ يۈەن كىرىم قىپتۇ. بۇنىڭدىن 135 مىڭ يۈەنگە يېقىن پۇلنى دېھقانلارغا دارامەت قىلىپ بېرىپتۇ. ئائىلىسىدە



كۆزگە تاشلىنىپ

كېلىۋاتقان كۆكتاتچىلىق مەھەللىسىنىڭ بوغالتىرى تۆمۈرخان توختى.

— توغرا ئېيتتىڭ ئۇكا، بۇرۇن پارنىكتا كۆكتات ئۆستۈرۈش دېگەن گەپنى ئاڭلىسام ئەرۋايىم ئۇچاتتى. شۇڭا، كۆكتاتچىلىق مەھەللىمىز قۇرۇلۇپ خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىشتىن ئېغىز ئاچماي كەلگەنىدۇق. تېرىغان كۆكتاتلىرىمىزمۇ 6 — 7 خىلدىن كۆپەيمەي، مەھسۇلاتىمىز تۆۋەن بولۇپ، كىرىمىمىز ئاشماي كەلگەنىدى. كېيىنكى چاغلاردا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ ئۆگىنىپ كېلىش، ئۆز ئورنىمىزدا قايتا - قايتا سىناق قىلىش ئارقىلىق، پارنىكتا كۆكتات ئۆستۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ مەھەللىمىزدىمۇ چېچەكلەپ، مېۋە بېرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇق. ئەمەلىيەتتە مەندىمۇ پارنىكقا نىسبەتەن يېڭى قاراش تىكلەندى.

— ئۇنداقتا، بۇنىڭ پايدىسىنى سىلەرمۇ ئوبدان كۆرۈپسىلەر - دە،— دېدىمەن.

— كۆردۇق، كۆرگەندىمۇ ھەممىمىز خۇش بولغۇدەك كۆردۇق،— دېدى ئۇ بىزنى پارنىك تەرەپكە باشلىغاچ گېپىنى يەنە داۋاملاشتۇردى،— يېزا، كەنت رەھبەرلىكىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان كۆكتاتچىلىق مەھەللىمىز ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن تېرىقچىلىق قىلىشقا قاراپ چوڭ قەدەم تاشلىدى، 25 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ 6500 كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق يەرنى پارنىكلاشتۇردۇق، بۇرۇنقى ئالتە خىل كۆكتاتنى 26 خىلغا يەتكۈزدۇق، ھازىر بۇ مايسىلار بىلەن ئۆزىمىز باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان 300 مو يەرنى تەمىنلىگەندىن سىرت، ھەر يىلى قوشنا ئورۇنلارغا 4000 يۈەنلىك ھەر خىل كۆكتات مايسىلىرىنى سېتىپ بەردۇق.

— بۇ يىل شۇ مايسىلاردىن،— دېدى ياقۇپ مامۇت سۆز قىستۇرۇپ،— 43 مو يەرگە شوخلا، 32 مو يەرگە چەيزە، 54 مو يەرگە كاللەكبەسەي، 61 مو يەرگە تەرخەمەك، 12 مو يەرگە چىڭسەي، كۆدە قاتارلىق كۆكتات مايسىلىرىنى كۆچۈردۇق.

يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى بولۇق ئۆسۈۋاتقان كۆكتات مايسىلىرى كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرەتتى. كاللەكبەسەينىڭ بەزىلىرى

# «ئۆستەڭبويى مانتىسى» يەنە بازار تاپتى

قەشقەر شەھىرىدىكى ئۆستەڭبويى كوچىسى بازار سودىسى ئاۋات كوچىلارنىڭ بىرى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بۇ يەردە ئىلگىرى ئاران ئۈچلا ئاشخانا بار ئىدى. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان بازار سودىسىنىڭ جانلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئۆستەڭبويى كوچىسىدا ئاشخانىلار ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ، تاماقلىرى قايتا داڭق چىقىرىشقا باشلىدى. ھازىر ھېيتگاھ جامەسىدىن قەشقەر پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغىچە بولغان 600 مېتىر ئەتراپىدىكى ئارىلىقتا مۇسۇلمانلار ئاشخانىسىدىن 15ى بار. بۇنىڭدىن ئالتىسى دۆلەت ئىگىلىكىدە، ئالتىسى كوللېكتىپ ئىگىلىكىدە، ئۈچى شەخسلەر ئاچقان ئاشخانا. بۇ ئاشخانىلاردا ئاساسلىقى پېتىر مانتا، پولۇ، سامسا، لەڭمەن، كاۋاپ قاتارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تاماقلىرى ئېتىلىدۇ. يېقىندىن بۇيان ئەتتىگەندىن - ئاخشامغىچە ئاشپەز ئۇستىلارنىڭ ئۈزۈلمەي «ياغدا ئەتتىم»، «ئەركەك قوينىڭ گۆشى»، «خېمىرى مېغىزدىن» دەپ توۋلىغان ئاۋازلىرى خىلمۇخىل تاماقنىڭ مەززىلىك پۇرىقى بىلەن قوشۇلۇپ، بۇ ئەنئەنىۋى بازارنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋەتتى. بۇ ئۈچ خىل تۈزۈلمىدىكى ئاشخانىلاردىن تەكشى ياڭرىغان ئاۋازلار يالغۇز قەشقەر شەھىرى خەلقىنىلا ئەمەس، بەلكى قوشنا ۋىلايەت، ناھىيىلەردىن كەلگەن مېھمان خېرىدارلارنىمۇ ئىختىيارسىز جەلپ قىلماقتا. يېڭى گۆشنىڭ تەمىدىن ھۇزۇرلانغان خېرىدارلار: ئۆستەڭبويى بازىرى يەنە ئۆز ئەكسىنى تېپىپتۇ، «ئۆستەڭبويى مانتىسى» يەنە داڭق چىقىرىشقا باشلاپتۇ دېيىشمەكتە.

14 نوپۇسى بار ھەسەن ئابىت ئىسىملىك بىر دېھقان بولتۇر بارلىق چىقىمدىن باشقا 1350 يۈەن ساپ پايدا ئاپتۇ. ھازىر بۇ مەھەللىنىڭ ئۈچ دانە قول تراكتورى، ئۈچ دانە ئات ھارۋىسى، ئىككى دانە ماتورلۇق دورا چېچىش ماشىنىسى، 15 تۇياق ئۆي كالىسى، تۆت تۇياق تۆگىسى، ئىككى تۇياق ئېتى، 80 تۇياق ئۇششاق چارۋىسى بار ئىكەن. 25 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق مېۋىلىك - مېۋىسىز دەرىخى ئوبدان ئۆسۈۋېتىپتۇ، جۇغلىغان مەبلىغىدىن 60 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ، ئىشخانا، كۆكتات ساقلاش ئورىسى ياساپ چىقىپتۇ، كۆكتاتنى بۇرۇن تەييار قىلىپ بازارغا بۇرۇن سالغانلىقى، ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىغانلىقى ئۈچۈن دۆلەتتىن ئۈچ يىل ئىچىدە 10 نەچچە مىڭ يۈەندىن كۆپرەك مۇكاپات ئاپتۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئۈچ يىلدا لازا، چىڭسەي قاتارلىق كۆكتاتلارنىڭ ئۇرۇقىدىن 2000 جىڭ يېتىشتۇرۇپ، ئۇنى سېتىپ كىرىمىنى كۆپەيتىپتۇ، يەنە بىتەم ئېچىپ بىدە تېرىپ 28 مىڭ يۈەن كىرىم قىپتۇ.

ۋاقىت چىڭقىچۇشكە ئۇلاشقانىدى. كۆكتاتچىلىق مەيدانىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى سۇۋادان تېرەككە قونۇپ سايراۋاتقان كاككۇكنىڭ ئاۋازى چۈشلۈك تاماققا ماڭغان دېھقانلارنىڭ كۈلكە سادالىرى بىلەن قوشۇلۇپ، تېز روناق تېپىۋاتقان بۇ كۆكتاتچىلىق مەھەللىسىنىڭ يېڭى باھارىنى نامايان قىلماقتا.

بىز قەشقەر شەھىرىگە تەۋە شامالباغ يېزا 4- كەنتىنىڭ كۆكتاتچىلىق مەھەللىسىدىكى زىيارىتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، بۇ مەھەللىدىن ئايرىلىش ئالدىدا مەھەللە باشلىقىنىڭ: «بۇ بىزنىڭ تۇنجى قەدىمىمىز، گۈزەل ياز تېخى ئالدىمىزدا» دېگەن سۆزىنى يەنە بىر قېتىم ئەسكە ئالدۇق.

1980- يىل ئىيۇن

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئۆستەڭبويى «قىزىل يۇلتۇز» مانتىخانى-
سى 1980- يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا زىيان تارتىپ كەلگەن ئورۇن
ئىكەن، بۇ قېتىمقى رىقابەت جەريانىدا، مانتىخانا رەھبەرلىكى ئۆز
ئورنىنىڭ ۋەزىيەتىنىڭ ئارقىسىدا قالغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، بارلىق
خادىملارنى مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەرنى ئۆگىنىشكە ئويۇشتۇرغان.
ئۇلار ئۆگىنىش، سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق پەرقلەرنى تېپىپ چىققان
ھەمدە يېڭى تەدبىرلەرنى تۈزگەن. باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مەسئۇ-
لىيەتنى ھەربىر شەخسكىچە ئەمەلىيلەشتۈرگەن، بولۇپمۇ خام ماتېرى-
يال باشقۇرۇش، يېقىلغۇنى تېجەش، بۇزۇپ - چېچىشنىڭ ئالدىنى
ئېلىش جەھەتتە تۈزۈمنى كۈچەيتكەن. بۇنىڭ بىلەن بۇ ئورۇننىڭ
قىياپىتىدە يۈكسىلىش بولۇپ، تاماق تۈرى ئىلگىرىكى ئىككى خىلدىن
ئالتە خىلغا كۆپەيتىلگەن، سۈپىتىدىمۇ كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىش
بولغان، چىقىملارمۇ تېجەلگەن، پەقەت ئۆتكەن بىر ئايدىلا ئوتتۇندىن
200 يۈەن ئىقتىساد قىلغان. بۇ مانتىخانا يەنە ئۆتكەن ئايدىن باشلاپ
ئۆزگىرىشچان ئىش ھەققى تۈزۈمىنى يولغا قويغان، بۇنىڭ بىلەن
زىيان تارتىش ھالىتى پايدىغا ئۆزگىرىپ، ئالدىنقى بىر ئايدا 6000
يۈەندىن كۆپرەك ئوبوروت قىلىپ 434 يۈەن پايدا ئالغان.

شەخسلەر ئاچقان ئاشخانىلارمۇ بوش كەلمەپتۇ، گەرچە ئۇلارنىڭ
ئاساسى ئاجىز بولسىمۇ چارە ئىزدەپ يول تېپىپ، كەم يېرىنى تولدۇ-
رۇشقا تىرىشقان. يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ خانئېرىق يېزىسىدىن
قەشقەر شەھىرىگە كېلىپ ماتىخانا ئاچقان مانتىپەز بارات ئابدۇللا
بۇنىڭغا ياخشى مىسال. بەش خادىم ئىشلەيدىغان بۇ مانتاخانا كىچىكلى-
كىگە قارىماي، كۈنلۈكى 200 — 250 يۈەنگىچە سودا قىلىدىكەن.
خېرىدارلارنىڭ مۇخبىرغا ئېيتىشىچە، ئۇلار ئەتكەن مانتىنىڭ پىيىزى
ئاز، گۆشى كۆپ بولۇپ، خېمىرى چىڭ يۇغۇرۇلغان، جىلتى نېپىز
ئېچىلغان، تۇز - تەمى تەڭشىلىپ، مانتىسى سۇلۇق ئېتىلگەن. بۇ
مانتىخانا قەشقەر شەھىرىدە تىجارەت قىلغان ئىككى ئاي ئىچىدىلا ئون
نەچچە مىڭ يۈەنلىك سودا قىپتۇ. مانتىخانىدىكى ھەربىر خادىمنىڭ
ئايلىق ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى 60 يۈەن ئەتراپىدا توختاپتۇ، ئىككى

بىز 1980- يىل 3-، 4- دېكابىر كۈنلىرى بۇ ئۈچ خىل تۈزۈل-
مىدىكى ئاشخانا ئىچىدە ئارىلىقى 100 مېتىر ئەتراپىدىكى ئورۇنغا
جايلاشقان ئۈچ مانتىخانىنى زىيارەت قىلدۇق. مانتىخانا ئالدىغا يارتى-
سى بىلەن ئېسىلغان سېمىز قوي گۆشى، كالا گۆشى، يېغى تېمىپ
تۇرغان قازاندەك قوي قۇيرۇقلىرى ۋە ھورى چىقىپ تۇرغان قاسقان-
دىن تەخسىگە ئونلاپ - ئونلاپ ئېلىنىۋاتقان مانتىلار كىشىگە مەمۇر-
چىلىق كۈنلەر يېتىپ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۆز كۆزىمىز
بىلەن كۆرگەن ۋە مۇناسىۋەتلىك خادىملارنىڭ تونۇشتۇرۇپ بەرگەن
ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇ ئۈچ خىل تۈزۈلمىدىكى ئۈچ مانتىخانىنىڭ
بەسلىشىش جەريانىدا ئاشخانا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تاماقنىڭ تۈر-
لىرىنى كۆپەيتىپ، سۈپىتىنى ياخشىلاپ، خېرىدارلارغا قىزغىن مۇئا-
مىلە قىلىپ، ئۇلارنى كۆڭۈلدىكىدەك رازى قىلىشقا تىرىشقان. كول-
لېكتىپ ئىگىلىكىدىكى مانتىخانا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مانتىخانا بى-
لەن بولغان رىقابەتتە بىر مەزگىل ئۈستۈنلۈكنى ئاپتۇ. ئۇنداق بولۇ-
شى بىرىنچىدىن، ئۇلارنىڭ تىجارەت ۋاقتى ئۇزاق بولۇپ، ئەتىگەن
سائەت 9 دىن كەچ سائەت 12 لارغىچە تىجارەت قىلىدىكەن؛ ئىككىن-
چىدىن، خوراج باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپتۇ؛ ئۈچىنچىدىن، خېرىدارلا-
رنىمە تاماق بۇيرۇسا شۇنى ئېتىپ بېرىدىكەن. شۇڭا، ئۇلارنىڭ
ئوبوروتى تېزلىشىپ، پايدىسى كۆپىيىپتۇ. پايدا كۆپەيگەنسېرى خا-
دىملارنىڭ ئالىدىغان ئىش ھەققى ئايمۇئاي ئاشقانلىقتىن ئۇلارنىڭ
ئاكتىپلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپتۇ. 1979- يىل 7- ئايدا تىجارەت
باشلىغان ئۆستەڭبويى كوچا باشقارمىسىغا قاراشلىق مانتىخانىدا توق-
قۇز خادىم بار ئىكەن. بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئۇلار
ھەرخىل چارە - ئاماللارنى قوللىنىپ، يېڭى قوي، كالا گۆشى بىلەن
مانتا ئېتىپ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپتۇ. ئۇلار ئەتكەن مانتا
ئۆلچەملىك، تەمى ياخشى بولغاچقا خېرىدارلار ئۈزۈلمەي كىرىپ تۇرى-
دىكەن. مانتىخانا ئېچىلغاندىن ھازىرغىچە ھەر ئايدا 4000 يۈەندىن
كۆپرەك ئوبوروت قىپتۇ، ھەربىر خادىمنىڭ ئايلىق ئوتتۇرىچە ئىش
ھەققىمۇ 70 نەچچە يۈەندىن توغرا كەپتۇ.

# قايتا يالتىرىغان «چۆلدىكى يېشىل مەرۋايىت»

بىز گۈزەل ماي ئايلىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ
تېرىم يېزىسىدا زىيارەتتە بولدۇق. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن بۇرۇن
يېزا ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈشتە ناھىيە بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرد-
دىغان ۋە «چۆلدىكى مەرۋايىت» دەپ نام ئالغان بۇ يېزا سول لۇشيەن-
نىڭ كاساپىتىدىن ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ، نامراتلىشىپ كەتكەن،
ئوزۇقلۇق ئاشلىقتا دۆلەتكە، ئىشلەپچىقىرىشتا قەرز پۇلغا، تۇرمۇشتا
قۇتقۇزۇشقا تايىنىشتەك قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان، شۇنداق
بولغاچقا 35 ئائىلە ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان.

يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان پارتىيىنىڭ يېزا ئىقتىسادىي
سىياسەتلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ئەگىشىپ، يېزا قىياپىتىدە چوڭ
ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن. 1980- يىلى يېزا بويىچە ئومۇمىي
ئاشلىق مەھسۇلاتى 1969- يىلىدىكىدىن 15.5%، پاختا 26.6%،
ياغلىق دان 50.7%، چارۋا 23.9% كۆپەيگەن؛ پاختىدىن قىلىنغان
كىرىم 100 مىڭ يۈەنگە، شەخسلەرنىڭ چارۋىسى بىر - ئىككى يىلدىلا
10 مىڭ تۇياقتىن ئېشىپ كەتكەن، يېزا بويىچە 3000 جىڭدىن
يۇقىرى ئاشلىق ئالغان ئائىلە ئومۇمىي ئائىلىنىڭ 60% نى، 1000
يۈەندىن كۆپرەك دارامەت ئالغان ئائىلە 65% نى ئىگىلىگەن. 1980-
يىلى بىر يىلدىلا دۆلەتكە 752 مىڭ جىڭ ئاشلىق، 1 مىليون 422
مىڭ جىڭ پاختا سېتىپ بەرگەن. ھازىر يېزا بويىچە 55% ئائىلىنىڭ
سىغىن كالىسى بار بولۇپ، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن - كۈنگە

ئاي ئىچىدە دۆلەتكە 300 يۈەندىن كۆپرەك باج، باشقۇرۇش ھەققى تاپشۇرۇپتۇ.
65 ياشلىق ماتىپەز بارات ئابدۇللا بىز بىلەن سۆزلەشكەندە: «يېڭى سىياسەت مېنىڭ 50 يىللىق ئاتا كەسپىمگە يېڭى گۈللىنىش ئېلىپ كەلدى، ياشىنىپ قالغان بولساممۇ، كەسپىي سەۋىيەمنى يەنە-مۇ ئۆستۈرۈپ، ماتىنى ياخشى ئوخشىتىپ، كەڭ خېرىدارلارنى رازى قىلىشقا تىرىشىمەن» دېدى.
ماتىخانىدىكى زىيارىتىمىز ئاخىرلىشىپ قايتار چاغدا كەچ كىرىپ، يوللارغا ئېلېكتر چىراغلىرى يېقىلغانىدى. بىز ئۆستەڭبويى كوچىسى بازىرىدىن يىراقلاشقان بولساقمۇ ئۆستەڭبويىدىكى ماتىپەز-لەرنىڭ: «بىر ماتىا، ئىككى ماتىا، ئۈچ ماتىا...» دەپ توۋلىغان ئاۋازى يەنىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

1980- يىل دېكابىر

ئىش كۈنىگە تەقسىم بولغان دارامەت ئىككى يۈەن 13 گۈڭدىن توغرا كەلگەن. دېھقانلار قەرزىنى بىر يىل ئىچىدە تۈگەتكەندىن باشقا، يەنە 11 مىڭ 700 يۈەن دارامەت ئالغان. ئىككى يىل ئىچىدە دۆلەتكە 10 مىڭ جىڭغا يېقىن ئاشلىق سېتىپ بەرگەن. كىرىم كۆپەيگەنلىكتىن، كوللېكتىپ ئىگىلىكى تېخىمۇ مۇستەھكەملەنگەن. دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلانغان. بۇ مەھەللە بىر دانە سېيالكا، 13 تۇياق ئۇي كالا، ئىككى تۇياق ئات سېتىۋالغان، 50% تىن كۆپرەك ئائىلە يېڭى ئۆي سېلىپ كۆچۈۋالغان.

## قارا توغراق دېھقانلىرى باي بولۇشنىڭ يولىنى تاپتى

— چارۋا كۆپەيسە ئىچكىلى سۈت، يېگىلى گۆش، خەجلىگىلى پۇل بولىدىكەن، — دېدى قارا توغراق 3- كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ساۋۇر ئىدرىس چىشىغا قېتىق ئۇسۇۋېتىپ.

— كېلىشىمىزدىكى مەقسەتنى بىلگەندەك گەپ قىلدىڭىز، — دېدۇق بىز.

— ئىلگىرى كەنتىمىزنىڭ چارۋىچىلىقى راۋاج تاپقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتتى، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى شۇجى، — يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، چارۋىچىلىقىمىز تېز يۈكسەلدى، ئىككى يىل ئىچىدە ئومۇمىي چارۋا سانى 4000 تۇياققا يېتىپ، ئىككى ھەسسىگە يېقىن كۆپەيدى.

كەنت رەھبەرلىكى 1980- يىلى دېھقانلار بىلەن ئورتاق كېڭىشىپ، تۇغۇت يېشىدىكى 895 تۇياق ئۇششاق چارۋىنى 218 ئائىلىگە كۆتۈرە بەرگەن. دېھقانلار ئۆزلىرىگە بېرىلگەن تۆل ئېلىش ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنداش ئۈچۈن بېقىش - باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تولۇق نەسىللەندۈرگەن. نەتىجىدە ئۇلار 927 تۇياق تۆل ئېلىپ، بۇنىڭدىن 911 تۇياقنى تولۇق ئەي قىلىپ قاتارغا قوشقان. بۇنىڭدىن

ياخشىلىنىشقا باشلىغان. شۇڭا، دېھقانلار: «‹چۆلدىكى يېشىل مەرۋا-يىت› قايتىدىن يالتىراشقا باشلىدى» دېيىشكەن.

## زەيبويى مەھەللىسىنىڭ يېڭى قىياپىتى

قويۇق ئۆسكەن جىگدە دەرەخلىرى بىلەن قاپلانغان بۇ كۆجۈم مەھەللىگە كەلگىنىمىزدە، زەيبويى مەھەللىسىنىڭ يېڭى قىياپىتى بىزنى ئۆزىگە ئالاھىدە تارتتى. ئىلگىرى يېزا بويىچە ئىنتايىن نامرات بولۇپ كەلگەن 6- كەنتنىڭ بۇ مەھەللىسىدە 27 ئائىلە، 120 نو-پۇس، 40 ئەمگەك كۈچى، 300 مو ئەتراپىدا تېرىلغۇ يەر بار ئىكەن. كۆپ قىسىم يەرلەر زەيلىشىپ، شورلىشىپ كەتكەچكە، 1975- يىلىغا كەلگەندە بۇ مەھەللىنىڭ ئومۇمىي ئاشلىقى 34 مىڭ جىڭغا، پاختا 4000 جىڭغا، ياغلىق دان 1500 جىڭغا چۈشۈپ قالغان، چارۋىچىلى-قى ئانچە راۋاج تاپالمىغان. مەھەللە بويىچە ئومۇمىي كىرىم 7000 يۈەن بولۇپ، بىر كۈنلۈك ئىش كۈنىگە تەقسىم بولغان دارامەت ئارانلا 0.27 يۈەندىن توغرا كەلگەن. بۇ مەھەللە ھەر يىلى دۆلەتتىن 15 مىڭ جىڭ ئەتراپىدا تاۋار ئاشلىق سېتىۋالغان، دېھقانلارنىڭ قەرزى 9000 يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن. پارتىيىنىڭ يېزا ئىقتىسادىي سىيا-سەتلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى جەريانىدا، بۇ كەنتتە ئۇزۇقلۇق ئاشلىق يېرىگە مەسئۇلىيەت ئېتىزى قوشۇپ بېرىشتىن ئىبارەت ئىشلەپچىقى-رىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ، بۇ تۈزۈمنىڭ تۈرتكىسىدە ئاما تولۇق غەيرەتكە كېلىپ، مەھەللە قىياپىتىنى ئۆز-گەرتىشكە تىرىشىپ، 3000 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا زەيكەش چېپىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا جىگدە دەرىخى تىكىپ، ئوغۇت توپلاشنى چىڭ تۇ-تۇپ، يەرلەرنى ئورگانىك ئوغۇت بىلەن كۆپلەپ ئوغۇتلىغان، بۇنىڭ بىلەن تېرىلغۇ يەرلەر پەيدىنپەي ياخشىلانغان. 1980- يىلى ئومۇمىي ئاشلىق مىقدارى 60 مىڭ جىڭغا، پاختا 34 مىڭ جىڭ، ياغلىق دان 6000 جىڭغا يەتكەن، ئومۇمىي كىرىم 26 مىڭ يۈەنگە يەتكەن. بىر

دېھقان پارتىيىنىڭ يېڭى ئىقتىسادىي سىياسىتىدىن تولۇق مەمنۇن ئىكەنلىكىنى زوق - شوق بىلەن سۆزلەپ كەتتى. سەمەت تۆردى تېرىم يېزىسىدىكى تۇرمۇشى ياخشىلانغان دېھقانلارنىڭ بىرى بولۇپ قاپتۇ.

1981 - يىل ماي

باشقا يەنە ئۇلار شەخسىي چارۋا بېقىشقىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەر-
گەن. ھازىر كەنت بويىچە 10 تۇياقتىن ئارتۇق چاۋا مېلى بار ئائىلە-
لەر ئومۇمىي ئائىلىنىڭ %60 يدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدىكەن.

قاش قارايغان چاغ، كەنتتىكى چىغىر يولنى بويلاپ كېلىۋاتقان
پادىلار مەھەللىمۇمەھەللە، ئۆيمۇئۆي تارقالماقتا، قوزا - ئوغلاقلار-
نىڭ مەرەشلىرى، موزايلارنىڭ مۆرەشلىرى، تايچاقلارنىڭ كىشنەشلىرى بۇ قەدىمىي كەنتنىڭ كەچكى مەنزىرىسىنى جانلاندۇرۇپ، قارا
توغراق دېھقانلىرىنىڭ بېيىش يولىنى تاپقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى.

## نامراتلار ئورنىدىن دەس تۇردى

بىز موغال 12- كەنتىدە دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىدا خېلى چوڭ
ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى كۆردۇق. بىزنى ئالاھىدە قىزىقتۇرغىنى 6-
مەھەللىدىكى دېھقان سەمەت تۇردىنىڭ ئائىلىسى بولدى. بۇ ئائىلىدە
تۆت نوپۇس بولۇپ، بۇرۇن سەمەت تۇردى ئەر - خوتۇن ئىككىسى
يىل بويى تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئىشلىسىمۇ، دارامەت ئېلىش ئۇياقتا
تۇرسۇن، ئاشتۇزى سېتىۋېلىشقىمۇ قۇربى يەتمىگەن كۈنلىرى بولغانىكەن. 1980- يىلى ئۇنىڭ ئائىلىسى مەھەللە بىلەن توختام تۈزۈپ،
مەھەللىگە قاراشلىق باغنى 900يۈەنگە كۆتۈرە ئاپتۇ. ئەر- خوتۇن
ئىككىيلەن چېچەك ئېچىلغاندىن باشلاپ غازاڭ تۆكۈلگۈچە بولغان
ئارىلىقتا باغدا يېتىپ - قوپۇپ ئىشلەپ، باغدىن 1900 يۈەن كىرىم
قىلىپ، توختام بويىچە 900 يۈەننى مەھەللىگە تاپشۇرۇپ، قالغىنىنى
يانچۇقىغا ساپتۇ. بۇ ئائىلە يەنە باغدىكى پارچە - پۇرات يەرلەرگە
كېۋەز، قوغۇن تېرىپ بۇنىڭدىن 1200 يۈەن كىرىم قىپتۇ. ھازىر
ئۇلارنىڭ ئۆزىگە تەۋە بىر تۇياق كالا، ئىككى تۇياق ئېشەك، 23 تۇياق
قوي ۋە 1000 جىڭ زاپاس ئاشلىقى بار ئىكەن. 1981- يىلى ئۇلار
تۆت ئېغىزلىق يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ چىقىپتۇ.

ھالال ئەمگىكىنىڭ مېۋىسىنى كۆرگەن بۇ 61 ياشلىق پېشقەدەم

?

ئىككى يىلدىن بۇيان ئۆزى ئۈچۈن بىرەر قېتىممۇ ئايرىم قورۇما قورۇتۇپ يېگىنى يوق، دائىم تۇرمۇشتا بىز بىلەن ئوخشاش...»

ئاڭغۇچە ماشىۋېن چاي ئېلىپ چىقتى - دە، ئىشتىها بىلەن تاماققا تۇتۇش قىلدى. مەن شۇجى ماشىۋېنغا ئۆزۈمنىمۇ تونۇشتۇرماستىن، دەسلەپكى ئۇچرىشىشتا چاقچاق ئارىلاش دېدىم:

— يېشىڭىزمۇ بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ، ئەتىيازدا ئانچە - مۇنچە گۆش - يۆش يەپ ئىشلىمىسىڭىز كېيىن يەنە يىقىلىپ قالماڭ، سىز بىر ناھىيىنىڭ شۇجىسى جۇمۇ!

ئۇ خۇشخۇيلۇق بىلەن كۈلۈۋەتتى:

— شۇجى بولغان ئادەم ئالاھىدە تاماق يېسۇن دەپ كىم بەلگىلەپ-تىكەن؟ بولسا ناھىيىمىزگە كەلگەن سىزدەك مېھماننى ياخشى غىزا بىلەن كۈتۈش كېرەك ئىدى، بىراق ناھىيىمىزنىڭ هازىرقى شارائىتى بىرئاز ناچارراق، مەن سىزنى كۆتەلمەي قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەي-مەن.

يولداش ماشىۋېننىڭ ئۇيغۇر تىلىدا شۇنچىلىك راۋان سۆزلىيە-لەيدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن، ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىگىنىنى ئاڭلاپ زوقىم كېلىپ قالدى. ئەتىسىدىن باشلاپ بىز بىرلىكتە ۋېلە-سىپىت بىلەن يېزا - مەيدانلارغا باردۇق. ئۇ ۋېلىسىپىتنى ياش يىگىتلەردەك تېپىپ، هامان مېنىڭ ئالدىمدا ماڭاتتى.

— يولداش ماشىۋېن، — دېدىمەن بىر كۈنى هارغىنلىق هېس قىلىپ، — ناھىيىلىك پارتكومنىڭ كىچىك ماشىنىسى بىكار يېتىپ-تۇ، بۇ ئۇزۇن يولدا جاننى قىينىغۇچە، ماشىنا بىلەن ماڭساق بولمامدۇ؟

— تۆۋەنگە بارغاندا، ماشىنا بىلەن ماڭغان ۋېلىسىپىت بىلەن ماڭغانغا يەتمەيدۇ، ۋېلىسىپىت بىلەن ماڭغاندا ئېتىز - ئېرىقلارنى ئارىلاپ كۆرۈش ئوڭاي، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىگە بېرىشتىمۇ قىيە-نالمايمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە دۆلەتكە بىرئاز بېنزىن ئىقتىساد قىلىپ بەرگىلى بولىدۇ، — دېدى ئۇ.

مەن ئۇنىڭ ئورۇنلۇق پىكرىدىن قايىل بولۇپ، ئېغىز ئاچالمى-

## «دېھقان مىجەز شۇجى»

1981- يىل 3- ئايدا يوپۇرغا ناھىيىسىدە مۇخبىرلىق قىلغىنىمدا، مەيلى ئىدارە - جەمئىيەت ياكى يېزا - كەنت كادىرلىرى ياكى دېھقانلار بولسۇن ھەممەيلەننىڭ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ماشۋېن (خۇيزۇ) نى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ماختاپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. كېيىن ئۇنىڭ بىلەن كۆپ قېتىم بىللە بولۇپ بەزى تەسىرلىك ۋەقەلەرنى ئۇچرىتىپ، بۇ ماختاشلارنىڭ ئاساسسىز ئەمەسلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

## «ئۇ تۇرمۇشتا بىز بىلەن ئوخشاش»

يوپۇرغىغا كېلىپ تۇنجى ئەتىگەنلىك تاماق ۋاقتىدا، كۈتكۈچى قىز ئېلىپ كەلگەن كىچىك تەخسىدىكى ئاددىي قورۇما بىلەن بۇغداي مومىسىنى ئالدىمغا قويۇپ تۇرۇشۇمغا، مەن ئولتۇرغان تاماق شىرەسىگە قامەتلىك، چاچلىرىغا ئاق سانجىلغان، ئاددىيغىنە كىيىنگەن بىر كىشى كېلىپ ئولتۇردى، ئۇنىڭ قولىدا خۇددى مېنىڭكىگە ئوخشاشلا موما بىلەن قورۇما تۇراتتى. مەن بۇ كىشى ئاشخانا ئىچىگە چايغا كىرىپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، كۈتكۈچى قىزدىن ئۇنىڭ كىملىكىنى سورىدىم:

— بىزنىڭ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ماشۋېن بولىدۇ، — دېدى قىز كۈلۈپ قويۇپ، — سىز ئۇنىڭ ئادەتتىكى تاماق يەۋاتقانلىقىغا ئەجەبلىنىۋاتامسىز؟ ئۇ بۇ ناھىيىگە خىزمەتكە كەلگەن

بولۇپ ئۇنىڭ خوتۇنى ھامىلىدار ئىدى. بىر كۈنى ئاي ـ كۈنى توشماي تۇرۇپلا ئايالىنىڭ قورسىقى قاتتىق ئاغرىپ كەتكەنلىكتىن دېھقان ئېشەك ھارۋىسى بىلەن تېرىم يېزىلىق دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىدۇ. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ھامىلىنىڭ بالىياتقۇ سىرتىدا ئىكەنلىكى جىددىي ئوپېراتسىيە قىلىنمىسا، ھاياتى خەۋپكە ئۇچرايدىغانلىقى ئېنىقلىنىدۇ. بۇ خىل ئوپېراتسىيە ئۇچۇن يېزا دوختۇرخانىسىدا ئۈسكۈنە ۋە باشقا شەرت ـ شارائىت يوق ئىدى. دېھقان خوتۇنىنىڭ ھاياتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ تۇرغان چاغدا، يېزىغا خىزمەت تەكشۈرۈش بىلەن كەلگەن ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى ماشۈېن بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، بىر تەرەپتىن دېھقانغا تەسەللى بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن شوپۇرغا ھامىلىدار ئايالنى دەرھال قەشقەرگە ئېلىپ بېرىشقا بۇيرۇيدۇ. بۇ ئىشتىن تېرىم دېھقانلىرى چوڭقۇر تەسىرلىنىپ: «يولداش ماشۈېن راستتىنلا دېھقانلارنىڭ دەردىگە دەرمان شۇجى ئىكەن» دېيىشىدۇ.

مەن ماشۈېن بىلەن بىرلىكتە تۆۋەنگە بارغان چاغلىرىمدا، تولا ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ دېھقانلاردىن: «نېمە قىيىنچىلىقىڭلار بار؟» دەپ سوراۋاتقانلىقىنى، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغا بولسا: دېھقانلاردىن كۆپرەك ئەھۋال سوراپ تۇرۇش كېرەك، بىرەر قىيىنچىلىقى بولسا، ئىلاج بار ھەل قىلىپ بېرىش لازىم، چۈنكى ئۇلارنىڭ غېمى بىزنىڭمۇ غېمىمىز، دەپ تاپىلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم.

1981- يىل ئاپرېلنىڭ باشلىرى، يولداش ماشۈېن تېرىلغۇ ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن تېرىم يېزىسىنىڭ موغال 12- كەنتىگە باردى. ئەسلىي بۇ كەنت خېلى بۇرۇنلا ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانىدىن 6000 جىڭ چىگىت بېرىشنى ئالاقىلىشىپ قويغانىكەن، ئۇرۇق سېلىش پەيتى يېتىپ كەلگەندە نېمىشقىدۇر مەيدان بۇ ئۇرۇقلۇقنى بېرەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. نەتىجىدە دېھقانلارغا كۆتۈرە بېرىلگەن 300 مو كېۋەز يېرىگە كېتەرلىك ئۇرۇقلۇق بىر مەسىلە بولۇپ قاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان يولداش ماشۈېن: يەر كۆتۈرە بېرىلگەنىكەن، ئۇرۇقلۇقنى چوقۇم ھەل قىلىپ بېرىش كېرەك،

دىم. كېيىن ئۇنىڭ ۋىلايەتكە ۋە يىراق گوڭگىشىلارغا خىزمەتكە بارغان چاغلاردىن باشقا ۋاقىتلاردا ھەرگىزمۇ كىچىك ماشىنا ئىشلەتمەيدىغانلىقىنى، خىزمەتتە، ھەتتا تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ئىشلاردىمۇ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئالاھىدە بولۇۋالمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇم. قەشقەرگە ئائىلە يوقلاشقا بارغان چاغدا، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ كىچىك ماشىنىسىدا ئولتۇرمايدىكەن، يېزىلارغا خىزمەتكە بارغاندىمۇ ئادەتتىكى ياتاقلاردا ياتىدىكەن، ئاددىي تاماق بىلەن غىزالىنىدىكەن. شۇڭا، دېھقانلار يولداش ماشۇېننى ئۆزىگە يېقىن تۇتۇپ، «دېھقان مىجەز شۇجى» دەپ ئاتىشىدىكەن.

## دېھقانلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش

1981- يىل فېۋرالنىڭ ئاخىرقى بىر كۈنى قەشقەر 1- خەلق دوختۇرخانىسى ئاياللار بۆلۈمىنىڭ ئوپېراتسىيە ئۆيى ئىشىكى ئالدىدا ئاق تۇماق كىيگەن بىر دېھقان بەش ياشلار چامىسىدىكى بىر بالىنى باغرىغا تاڭغىنىچە غەم - ئەندىشە بىلەن ئولتۇراتتى، مانا ئاخىر ئۈچ سائەت ئۆتۈپ، تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن مىنۇتلار يېتىپ كەلدى - دە، ئوپېراتسىيە ئۆيىدىن ئاق خالات كىيگەن ياش سېسترا قىز چىقىپ ھېلىقى دېھقانغا: «خاتىرجەم بولۇڭ، بالىڭىزنىڭ بەختى بار ئىكەن، خوتۇنىڭىز ئوپېراتسىيىدىن سالامەت چىقتى» دەپ دېھقاننى باشلاپ كىرىپ كەتتى. رەڭگى تاتارغان 32 ياشلاردىكى كېسەل ئايال ئۆزىنىڭ ھايات قالغانلىقىغا تېخىچە ئىشەنمىگەندەك لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ، گاھ بالىغا، گاھ ئېرىگە قارايتتى. دېھقان خۇشاللىقتىن ئېقىۋاتقان ياشلىرىنى يېڭى بىلەن سۈرتۈپ خوتۇنىغا: «ئانىسى، چۈچۈرىدەك بالىلىرىمىزنىڭ بەختىگە ئامان قالدىڭلا، ئەگەر شۇجى ماشۇېن ماشىنىسىنى بېرىپ، بىزنى بۇ دوختۇرخانىغا يەتكۈزۈپ قويمىغان ۋە دوختۇرلار كۆڭۈل قويۇپ داۋالىمىغان بولسا...» ئۇ شۇ سۆزلەرنى ئېيتتى - دە، دوختۇرلارنىڭ قولىنى بىر - بىرلەپ سىقتى.

بۇ دېھقان يوپۇرغا ناھىيىسى 1- كەنتى ئاخۇنلۇقوم يېزىسىدىن

## «سايرا، خوش ئاۋاز بۇلبۇل!»

نۇر ئامىنەم تېخى بېيجىڭدىن قەشقەرگە قايتىپ كەلمەيلا، ئۇنىڭ بېيجىڭ تىياتىر سەھنىسىدە شان - شەرەپ قازانغانلىقى توغرىسىدىكى خوش خەۋەر قەشقەر كوچىلىرىغا تارقىلىپ، كىشىلەرنى ھاياجانغا سېلىشقا باشلىغانىدى. ئۇ قايتىپ كېلىش بىلەن تەڭلا قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ بىر قىسىم مەسئۇللىرى ئۇنى يوقلاپ بېرىپ، بۇ مۇنەۋۋەر ناخشىچىنىڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيىتىنى تەبرىكلىدى.

1982- يىل 12- ئاينىڭ 9- كۈنى كەچ، بېيجىڭ «تيەنچياۋ» خەلق تىياتىرخانىسى رەڭگارەڭ چىراغلارنىڭ نۇرىدا ئوتقاشتەك چاقنايتتى، ئويۇن كۆرۈش شەرىپىگە ئېرىشكەن پايتەخت ئاممىسى نۆۋەتتىكى نومۇرنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى. ئېلانچى كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، كىيگەن كىيىملىرى ئۆز بەستىگە قۇيۇپ قويغاندەك ياراشقان بىر ئۇيغۇر قىزى سەھنىگە چىقىپ، ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ سالام بەرگەندىن كېيىن «لەيلىگۈل» ناخشىسىنى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن شۇنداق يېقىملىق ئېيتتىكى، ناخشا باشلىنىش بىلەن تەڭ زال ئىچى بىردىنلا جىمجىتلىققا چۆككەن بولسىمۇ، ناخشا ئاياغلىشىشى بىلەنلا گۈلدۈراس ئالقىشلار ياڭراپ كەتتى. بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقان، خىزمەت قىلىۋاتقان، دەم ئېلىۋاتقان شىنجاڭلىق كىشىلەر بۇ ناخشىنىڭ سېھىرلىگۈچى تەسىرى بىلەن ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ماكانىنى، قىش - ياز قار كەتمەيدىغان تەڭرىتېغى، پامىر تېغىنى، ئۈزۈم ماكانى تۇرپاننى، مەھمۇد قەشقەرى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن قەدىمىي

بولمىسا دېھقانغا زىيان بولىدۇ دەپ ئويلاپ، ئۆزى دەرھال ئۆرۈقچىلىق مەيدانىغا بېرىپ، 6000 جىڭ چېكىت ھەل قىلىپ، دېھقانلارغا يەتكۈزۈپ بېرىپتۇ. دېھقانلار 300 مو كېۋەزنى ئۆز ۋاقتىدا تېرىۋاپتۇ ھەم چوڭقۇر تەسىرلىنىپ ناھىيە باشلىقى غېمىمىزنى يېدى، بىز قاتتىق ئىشلەپ، پاختا مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇپ، دۆلەتكە تۆھپە قوشىمىز، دېيىشىپتۇ.

1981- يىل ئىيۇن

چالاتتى، نۇرئامىنەم بولسا ئۇسسۇل ئوينايتتى ياكى ناخشا ئېيتاتتى. مۇنداق كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇش يازنىڭ گۈزەل ئاخشاملىرى، قىشنىڭ ئۇزاق كېچىلىرى ئىزچىل داۋاملىشاتتى، زېرەك نۇرئامىنەم ئۇسسۇلغا قارىغاندا ناخشىغا بەكرەك قىزىقاتتى. رادىئودىن مەشھۇر ناخشىچى پاشا ئىشان، پاتەم قۇربان قاتارلىقلارنىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ قالسا، خۇددى ئانىسىنىڭ ئەللىيىنى ئاڭلىغان بوۋاقتەك جىمىپ كېتەتتى، شۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن دولقۇنلىنىپ ئويناپ كېتەتتى. يېشىنىڭ چوڭىيىشى بىلەن ئۇنىڭدىكى ناخشىغا بولغان ھەۋەسمۇ كۈچەيدى. نۇرئامىنەم مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلاردا بولسۇن ياكى ئۆز يۇرتى — قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە خانئېرىق بازىرى ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكىگە كىرىپ ئىشلىگەن ۋاقىتلاردا بولسۇن، بىر تۈركۈم ناخشىلارنى ئۆگىنىپ ساۋاقداشلىرى ياكى يۇرتداشلىرىغا ئېيتىپ بېرەتتى. 1978- يىلىغا كەلگەندە ئۇنىڭ ناخشىچى بولۇش ئارزۇسى ئاخىر ئەمەلگە ئېشىپ، ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىندى. ئۆمەك رەھبەرلىكى بۇ ياش ناخشىچىنىڭ تېز ئۆسۈپ يېتىلىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ سەنئەت فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتتى. نۇرئامىنەم بېيجىڭغا بارغاندىن كېيىن پېشقەدەم ناخشىچىلاردىن ئىخلاس بىلەن ئۆگەندى، مەشىق قىلدى، ئاۋازىنى چېنىقتۇرۇپ، ئۆلچەملەشتۈردى. ئۆمەككە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، پېشقەدەم ناخشىچى پاتەم قۇربان، ئايشەم قەييۇملارنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۆگىنىپ، كەم جايلىرىنى تولۇقلىدى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى.

تىرىشچانلىق، قەيسەرلىك نۇرئامىنەمنىڭ روشەن بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئۆگىنىمەن دېگەن نەرسىسىنى ئىگىلىۋالمىغۇچە ھەرگىز بولدى قىلمايتتى، شۇنداقلا ناخشا ئېيتىشنى كىشىلەرگە مەنىۋى ئوزۇق بېرىش، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى جاسارىتىگە ئىلھام بېرىش دەپ قارىغاچقا، ناخشا ئېيتىش نۆۋىتىنى بىرەر قېتىممۇ ئۆتكۈزۈۋەتمەيتتى. كېسەل بولۇپ قالغان چاغلاردىمۇ تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنۇپ، سالامەتلىكى

شەھەر — قەشقەرنى سېغىندى، يېقىملىق سايرايدىغان ئېلى تورغىيە-
نى، خوتەن كاككۇكىنى ئەسلىدى.

بۇ ناخشىچى قىز 1982- يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قىسىم
ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەت ياش ئارتىسلىرىنىڭ
يالغۇز كىشىلىك ناخشا كۆرىكىدە 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن
قەشقەر سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ياش ناخشىچىسى نۇرئامىنەم ئىدى. ئۇ-
نىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىشى يالغۇز بۇ قېتىمقىلا ئەمەس. ئۇ بىرىنچى
قېتىم 1980- يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن
«تەڭرىتاغ ساداسى» ناخشا - مۇزىكا كۆرىكىدە 2- دەرىجىلىك مۇكاپات-
قا؛ يەنە شۇ يىلى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن كەسپىي
سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ كۆرىكىدە 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن-
دى.

نۇرئامىنەم ئۇيغۇرچە، قىرغىزچە، ئۆزبېكچە، قازاقچە، موڭ-
غۇلچە ناخشىلارنى ياخشى ئېيتقاندىن تاشقىرى، چاۋشيەن، پاكىس-
تان، تۈركىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ بەزى ناخشىلىرىنىمۇ
ياخشى ئېيتالايدۇ. ئۇنىڭ ناخشىلىرى قويۇق مىللىي پۇراق، روشەن
يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغاچقا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا -
قىشلاق، شەھەرلىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقى سۆيۈپ ئاڭلايدۇ، ئاڭلى-
غانسېرى ھۇزۇرلىنىدۇ. ئۇنىڭ «لەيلىگۈل»، «گۈزەل ئارزۇ»،
«دۆلىتىم ئاتا - ئانام»، «ئەخلاق ئادەم زىننىتى» ۋە «ئاي يۇمىلاق»
قاتارلىق ناخشىلىرى مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، شىنجاڭ
خەلق رادىئو ئىستانسىلىرىدا داۋاملىق ئاڭلىتىلماقتا ۋە شىنجاڭ تېلې-
ۋىزىيە ئىستانسىسىدا تارقىتىلماقتا.

دەرەخنىڭ يىلتىزى، سۇنىڭ مەنبەسى بار بولغىنىدەك، نۇرئا-
مىنەمنىڭ داڭلىق ناخشىچى بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىدا ئائىلىسىدىكى-
لەرنىڭ تەسىرى چوڭ. ئۇ ئۆسكەن ئائىلىمۇ باشقا ئۇيغۇر ئائىلىلىرى-
گە ئوخشاش ھەر كۈنى ئاخشاملىرى تاماقتىن كېيىن ياكى دەم ئېلىش
كۈنلىرىدە ناخشا - ناۋا قىلىپ كۆڭۈل ئېچىشقا ئادەتلەنگەن. شەنبە
ئاخشام ياكى يەكشەنبە كۈنلىرى دادىسى دۇتار چالسا، ئاچىلىرى داپ

# قازانچىنىڭ كارامەتلىرى

بىز ئولتۇرغان جىپ ماشىنا دەرەخلىق يېڭى مەھەللىگە كىرىپ كەلگەندە، ۋاقىت چاشكاھدىن ئۆتكەنىدى.

— يېتىپ كەلدۇق، — دېدى يوپۇرغا ناھىيە ئەشمە يېزىلىق پارتكومىنىڭ شۇجىسى يولداش قەييۇم نامان دەرۋازىسى ئالاھىدە ياسالغان بىر ئۆينى كۆرسىتىپ، — مانا بۇ، يېزىدا سىتلەرگە ئالاھىدە تونۇشتۇرۇلغان چاقار 9- كەنت 2- مەھەللىدىكى كەسىپلىشىش يولىغا قەدەم تاشلىغان كىشىلەر ئىچىدىكى «تۇرسۇن قازانچى» نىڭ ئائىلىسى.

بىز ھويلىغا قەدەم قويۇپلا ئۆزىمىزنىڭ بىر دېھقاننىڭ ئائىلىسىگە ئەمەس، چوڭ بىر قۇيمىچىلىق زاۋۇتىنىڭ ماتېرىياللار ئامبىرىغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدۇق. ھويلا ئىچى پارچە - پۇرات چويۈن، تۆمۈر قاتارلىقلار بىلەن تولغانىدى. بىز «تۇرسۇن قازانچى» نىڭ ئىش ئۇستىدە ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ھويلا ئارقىسىغا ئۆتتۇق. يېشى 50 كە ئۇلاشقان، تۇرقىدىن پەم - پاراسەتلىك ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، گەۋدىلىك كەلگەن بۇ ئۇستام بىزنى ساپان قېلىپلىرى ياساۋاتقان جىددىي ئىش ئۇستىدە كۈتۈۋالدى.

— تۇرسۇن ئۇستا، ئاخىر ھۇنىرىڭلىنى «قازان» ئىچىدىن چىقىرىپسىلە - دە، — دېدى بىزنى باشلاپ كەلگەن ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى يولداش سوپى روزى ئۇنىڭغا چاقچاق ئارىلاش.

— پارتىيە سىياستى ھۇنەر كۆرسىتىشكە كەڭ ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن بولغۇنكى كۇندە، ھۇنەر - تېخنىكامنى «قازان» دىن چىقارماي بولمىدى، — دېدى ئۇ چاقچاققا جاۋابەن.

— توغرا ئېيتتىڭلا، يەنە كېچىكسەك ھۇنەر «قازان» دا سېسىپ كېتىپ، ۋەزىيەتنىڭ ئارقىسىدا قالمايلى دېدى، — سوپى روزى ئۇلاپ-

يار بەرسىلا ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ كەلدى. نۇر ئامىنەمنىڭ ئانگىنا كېسىلى قوزغىلىپ قىزىتمىسى ئۆرلەپ كېتىدۇ. رەھبەرلىك ئۇنىڭغا ئۆيگە قايتىپ دەم ئېلىشنى ئېيتىدۇ. لېكىن ئۇ، شۇ كۈنلەردە پاكىستانلىق مېھمانلارنىڭ قەشقەرگە كەلگەنلىكىنى، ناۋادا ئۇلارغا ئويۇن قويۇش توغرا كەلسە، ئۆزىنىڭ ناخشا ئېيتىپ بەرمەي بولمايدىغانلىقىنى ئويلايدۇ - دە، كەچتە زالغا بېرىپ، مېھمانلارغا بىرنەچچە ناخشا ئېيتىپ بېرىدۇ.

ئىشىنىڭ بۇنداقمۇ دەل كېلىپ قېلىشىنى كىم خىيالىغا كەلتۈرگەن دەيسىز! بىز نۇرئامىنەمنى زىيارەت قىلىپ بولۇپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى قورۇسىدىن ھاياجانلانغان ھالدا چىقىپ كېتىۋاتقىنىمىزدا، رادىئودا نۇرئامىنەمنىڭ ياڭراق، لەرزان، ئادەمنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىدىغان ناخشا ساداسى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بىز ئىختىيارسىز ھالدا: «سايرا، خۇش ئاۋاز بۇلبۇل!» دېيىشەتتۇق.

1983- يىل ئىيۇن

مەش، 500 دانە بوقۇسا چىشى ۋە چىلاپچا، دەزمال، جوك، تاۋا، شالا، پىلتا ئوچاق قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىپ، ئېھتىياجلىق ئورۇنلارنى تەمىنلەپ 31 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك ئوبوروت قىپتۇ، بۇنىڭدىن ھەممە چىقىملارنى چىقىرىۋەتكەندە، بىر ئوغلى بىلەن ئۆزىگىلا ئىش ئوچۇن 8000 يۈەندىن كۆپرەك پۇل قاپتۇ. ئارىلىقتا ئۇ خوتەن ناھىيە «سۈنئىي ھەمراھ» يېزىلىق تەمىنات - سودا كوپىراتىپى، چىرىيە ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپىراتىپى، پەيزاۋات ناھىيە جامباز يېزىسى، يوپۇرغا ناھىيىلىك يەرلىك مال ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن توختاملىشىپ، شۇ ئورۇنلارغا 500 گە يېقىن چوڭ - كىچىك ساپان، 100 دان چويۈن مەش، 200 دانە بوقۇسا چىشى، 1000 دانە شالا قاتارلىقلارنى يەتكۈزۈپ بېرىپتۇ. ئۇ ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتى ياخشى، باھاسى ئەرزان بولغانلىقى ئوچۇن خېرىدارلارمۇ كۆندىن - كۆنگە كۆپىيىپتۇ. ئۇ بۇ كەسىپتىن تاپقان پۇلغا ئۆي جاھازلىرى، ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى سېتىۋاپتۇ، ھازىر ئۇنىڭ زاۋۇتىدا ئىشلىتىۋاتقان ماشىنا سايمانلىرىدىن باشقا، يەنە 2000 يۈەندىن كۆپرەك دەسمايىسى بار ئىكەن.

تۇرسۇن ئۇستا ئاخىرىدا ئۆز كەسپىگە نىسبەتەن يېزا - كەنتلەرنىڭ يار - يۆلەك بولغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى ۋە:

— يېقىندىن بۇيان مەن خېلى كۆپ شاگىرت يېتىشتۇردۇم، بىر ئوغلۇم دۇكان ئايرىدى، ھازىر يېنىمدا بەش شاگىرتىم بار، بۇنىڭدىن كېيىن كەسپىمنى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇپ، شاگىرت تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا چوڭراق تۆھپە قوشىمەن، — دېدى.

بىز «تۇرسۇن قازانچى» نىڭ كارامەتلىك ئىشلىرىغا ئاپىرىن ئوقۇپ زىيارىتىمىزنى ئاخىرلاشتۇردۇق.

1983- يىل ئىيۇل

لا. بىز كۆلۈشتۇق. تۇرسۇن ئۇستام تەلىپىمىزگە ئاساسەن بىزگە
ئالدى بىلەن شۇ كونى ياسىغان قېلىپ خىللىرىنى كۆرسىتىشكە
باشلىدى. ئاڭغۇچە بىر شاگىرتى تۇرسۇن ئۇستىغا قېلىپلارنىڭ ياسى-
لىپ بولغانلىقى، ماتورنى ماڭدۇرۇپ ساپان چىشىنى قۇيۇشنى باشلى-
ۋېتىشنى ئېيتتى. بىز قىزىقىپ پىچ يېنىغا باردۇق. ماتورنىڭ ھەرى-
كەتكە كېلىشى بىلەن تەڭ شامالچى غۇرقىراپ شۇنداق قاتتىق پىرقى-
رىدىكى، يۇقىرى ھارارەت تەپتىدىن چويۇن پارچىلىرى سۇدەك ئې-
قىشقا باشلىدى. دەل شۇ چاغدا ئۇستامنىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى قولىغا
چوڭ چۆمۈچنى ئالدى - دە، پىچنىڭ تۆۋەنكى ئاغزىدىن ئېقىپ
چۈشۈۋاتقان چويۇن سۇيۇقلۇقىنى ئۇسۇشقا تەييار بولدى. زاۋۇت
ئىچى جەڭگاھقا ئايلاندى… ھايت - ھۇيت دېگۈچە 100 دانىگە يېقىن
ساپان چىشى قۇيۇلۇپ بولدى.
— كارامەت ئىكەن، — دېۋەتتى ناھىيىدىن بىزگە ھەمراھ
بولۇپ كەلگەن ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ئىجادىيەت
ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى يولداش ئېلى ئېزىز ھاياجىنىنى باسال-
ماي، — دېھقانلار مۇشۇنداق يول تاپىدىغان بولسا، ئۇزاققا قالمايلا
ئۇلارنىڭ ھاللىنىشىدا گەپ يوق ئىكەن!
ئەھۋال ئۇقۇشىمىزچە تۇرسۇن ئۇستامنىڭ قۇيمىچىلىق كەسپى
ئاتىسىدىن مىراس قالغان، ئۇنىڭ بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغىنىغا
30 نەچچە يىل بوپتۇ. «تۇرسۇن قازانچى» دەپ ئاتىلىشىمۇ ئۇنىڭ
ئىلگىرى ئاتىسى بىلەن قازان قۇيۇپ داڭق چىقارغانلىقىدىن ئىكەن.
ئارىلىقتا «سول» لۇشيەنىنىڭ كاساپىتى بىلەن ئۇنىڭ بۇ ئاتا كەسپى
بىر مەزگىل تاشلىنىپ قالغان، پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي
كومىتېت 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئۇ بۇ كەسپىنى يېڭىۋاش-
تىن قولغا ئاپتۇ. تۇرسۇن ئۇستا ئائىلىسىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرى-
نى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، 1981- يىلى يېزىنىڭ مەدەت
بېرىشى ئارقىسىدا كىچىك تىپتىكى بىر قۇيمىچىلىق زاۋۇتى قۇرۇپ
چىقىپ، بۇرۇنقى كۆيەك بىلەن چويۇن ئېرىتىشنى ماشىنا بىلەن
ئىشلەشكە ئۆزگەرتىپتۇ، دېھقانلارنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ،
ساپان قۇيۇشنى ئاساس قىلىپ 1981- يىلىدىن 1983- يىل 6- ئاينىڭ
ئوتتۇرىلىرىغىچە 2500 دانە چوڭ - كىچىك ساپان، 200 دانە چويۇن

چارۋىسى 1500 تۇياقتىن ئېشىپ كەتكەن. كەنت بويىچە 80% ئائىلىدە بىر دىن ئىنەك بار ئىكەن، 76 ئائىلە يېڭىدىن ئات سېتىۋاپتۇ، دېھقانلار يىللاردىن بۇيان بوغۇلۇپ قالغان قەرزلىرىنى پۈتۈنلەي تۆلىگەنتىپ، ئاشلىق ۋە پۇل ئېشىنىدىغان بولغان، 65% ئائىلىنىڭ بانكىدا ئامانەت قويغان پۇلى بار ئىكەن. بۇ كەنت 1982- يىلى دۆلەتكە 58 مىڭ جىڭ غەللە - پاراق ئاشلىقى، 17 مىڭ جىڭ ئېشىنچا ئاشلىقى سېتىپ بەرگەن. يېقىنقى ئۈچ يىل ئىچىدە 60% ئائىلە يېڭى ئۆي سېلىپ كۆچۈپ چىققان. ئۈچ ئائىلە كىچىك تىپتىكى ئۇن زاۋۇتى ماڭدۇرۇپتۇ، ئۈچ ئائىلە قول تراكتورى، بىر ئائىلە ئاپتوموبىل سېتىۋاپتۇ. كەنت بويىچە ئۈچ يىلدا يەنە يېڭىدىن 80 مىڭ تۈپ ھەر خىل ئورمان قويۇپ تۇتقۇزۇپتۇ. 60 موغا يېقىن يەردە كۆچەتخانا يېتىشتۈرۈپتۇ، دېھقانلار ئۈچۈن 286 مو يېقىلغۇ ئورمان يېرى ئاجرىتىپ بېرىلىپ، ئۇ يەرلەرگە ئورمان قويۇۋاپتۇ، 400 مو يەردە قوش قەۋەت يايلاق، 1500 مو يەردە يۇلغۇنلۇق بەرپا قىپتۇ. يېقىنقى 2 — 3 يىلدا نېمە ئۈچۈن شۇنچە چوڭ ئۆزگىرىش بولدى؟ دېھقانلار بۇنداق زور ئۆزگىرىش پارتىيىنىڭ توغرا سىياستىنىڭ بولغانلىقى، پارتىيىنىڭ توغرا سىياستىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىدىغان، دېھقانلارنىڭ بېيىشىغا توغرا يېتەكچىلىك قىلالايدىغان ئىدرىس كېرىمدەك ياخشى باشلامچىمىزنىڭ — خەلقىنىڭ ياخشى چاكىرى بولغانلىقىدىن بولدى، دەپ جاۋاب بەردى.

يولداش ئىدرىس كېرىم 1979- يىلىنىڭ بېشىدا كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىنى ئۈستىگە ئالغان كۈندىن باشلاپ، بۇ كەنتنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا قەتئىي بەل باغلىغان. ئۇ ئىشنى پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى توغرا ئىزچىللاشتۇرۇشتىن باشلاپ، خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرغان. پارتىيە 12- قۇرۇلتىيى ھۆججەتلىرى ۋە يېڭى پارتىيە نىزامنامىسىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئىدىيىۋى خىزمەتنى كۈچەيتىپ، كادىرلار ئارىسىدىكى بوشاڭلىق، ئاجىزلىق ئەھۋاللىرىنى ئۆز ۋاقتىدا تۈگىتىپ، خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈر-

# كۆتەكلىكلەرنىڭ چاكىرى

1983- يىل 6- ئاينىڭ ئاخىرلىرى، بۇغدايلارغا ئورغاق تېگىپ، ئورما ناخشىسى ئەتراپنى چاڭ كەلتۈرگەن چاغ. بىز يوپۇرغا ناھىيە- سى تېرىم يېزا كۆتەكلىك 5- كەنتىنى زىيارەت قىلدۇق. «ئوغۇتلى- ساڭ يەر، تويدۇرىمەن دەر» دېگەندەك كۆز يەتكۈسىز ئېتىزلاردا ئوخشاپ كەتكەن بۇغدايلار بۇ يىل بۇ كەنتتە بۇغداي مەھسۇلاتىنىڭ زور دەرىجىدە ئاشىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. مول ھوسۇل خۇ- شاللىقىغا چۆمگەن دېھقانلار ئورما ناخشىلىرىنى ياڭرىتىپ، شەمشەر- دەك ئورغاقلىرىنى ئىشقا سالماقتا، ھارۋىلارغا پەۋەس بېسىلغان بۇغ- داي ئۆنچىلىرى خامانلارغا توشۇلماقتا.

بىز قەيەرگە بارمايلى، ئۇچراشقانلىكى كىشىلەر: «پارتىيىنىڭ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3- ئومۇمىي يىغىنى بەلگىلىگەن سىياسەتلەر بىزگە كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلىدى، يېزا سىياسەتلىرىنىڭ مۇقىملىقىغا بولغان ئىشەنچىمىز تېخىمۇ ئاشتى» دېيىشىپ ئۆز خۇشال- لىقىنى بىلدۈرۈشتى. ئەمەلىيەت بۇنىڭ ئوبدان گۇۋاھچىسى.

كۆتەكلىك 5- كەنتىدە 1982- يىلى مەھسۇلات ئومۇمىيۈزلۈك ئېشىپ ئاشلىق 718 مىڭ 500 جىڭغا، پاختا 230 مىڭ جىڭغا، ياغلىق دان 39 مىڭ 525 جىڭغا، چارۋا 3140 تۇياققا يەتكەن، ئومۇمىي كىرىم 229 مىڭ 700 يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن. ھازىر بۇ كەنتنىڭ كاسسىدىكى نەق پۇلى 90 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك ئىكەن، كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، شەخسلەرنىڭ قوشۇمچە ئىگىلىكىمۇ تەرەققىي قىلغان، شەخسلەرنىڭ چوڭ - كىچىك

ئىدرىس كېرىمنىڭ يەنە بىر خىسلىتى. ئۇ 1982- يىلى ئۆزى كېسەل تۇرۇقلۇق ئالتە پارتىيە ئەزاسى ۋە ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ كەنتتىكى قىيىنچىلىقى بار دەپ قارالغان قاسىم مۇھەممەت، ھاۋاخانغا ئىككى ئېغىزدىن تۆت ئېغىز ئۆي سېلىپ بەرگەن. 1983- يىلى ئەتىيازدا 12 ئائىلىنىڭ 18 مو يېرىنى ئۆزى باشلامچى بولۇپ ھەيدەپ تېرىپ بەرگەن. «5 تە كاپالەتلەنگۈچى» ئائىلە ھۆپەيدىخان ئاچىنى تۆت يىلدىن بۇيان ھۆددىگە ئېلىپ ئۇنىڭغا ئۇن، ياغ، تۇز، ئوتۇن قاتارلىق لازىمەتلىكلەرنى يەتكۈزۈپ بەرگەن ھەم يەرلىرىنى تېرىپ بەرگەن.

ئىدرىس كېرىمنىڭ ئاكتىپ باشلامچىلىق قىلىشى بىلەن كەنتتىنىڭ قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىش بولۇپ، مەھسۇلات ئۇدا بىرنەچچە يىل ئېشىپ، دېھقانلار تۇرمۇشىدا زور ياخشىلىنىش بولغان، كەنت پارتىيە ياچېيكىسى ئۇدا تۆت يىل ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى، ئىدرىس كېرىم مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالانغان.

بىز ئائىلىنىپ 3- مەھەللىنىڭ بۇغدايلىقىغا يېتىپ كەلگەندە، پىژغىرىم ئىسسىقتا قارا تەرگە چۆمۈلۈپ بۇغداي ئورۇۋاتقان ئىدرىس كېرىم بىزنى خۇشال كۈتتۈۋالدى. ئەسلىدە ئۇ ئۆزى ھۆددىگە ئالغان «5 تە كاپالەتلەنگۈچى» ئائىلە ھۆپەيدىخان ئاچىنىڭ بۇغدىيىنى ئورۇۋاتقانىكەن، ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن ئىنتايىن تەسىرلەندۇق ھەمدە ئىختىيارسىز: ئىدرىس كېرىم — سىز ھەقىقەتەن دېھقانلارنىڭ ياخشى چاكىرى، ياخشى باشلامچىسى ئىكەنسىز دېۋەتتۇق.

1983- يىل ئىيۇل

گەن. ئالدىنقى بىر مەزگىل سۇ ئىشلىرىغا مەسئۇل كەنت باشلىقى ئوسمان خىزمەتتە بوشاڭلىق قىلىپ، سۇنى ياخشى باشقۇرماي، زىرائەتلەرنىڭ ۋاقتىدا سۇغىرىلىشىغا تەسىر يەتكۈزگەن. كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى تاجى سوپۇرگە: مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يۈرگۈزۈلدى، ئەمدى دېھقانلار كۆتۈرە كۆرسەتكۈچىنى ئورۇنداپ بەرسىلا بولدى، دېھقانلار كادىرلارغا موھتاج ئەمەس دەپ قاراپ خىزمەتنى تاشلاپ، شەخسىي ھۈنەر قىلىش بىلەن بولۇپ كەتكەن. بۇ ئەھۋاللارغا ئاساسەن ئىدرىس كېرىم ياچېيكا ئەزالىرىغا يىغىن ئېچىپ، بۇ ئىككى نەپەر يولداشقا سەۋرچانلىق بىلەن تەربىيە بەرگەن ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ يۈرگۈزۈلگەنلىكى قانداقتۇر كەنت كادىرلىرىنىڭ خىزمىتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى بولماستىن، بەلكى خىزمەت مەسئۇلىيىتىنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلاشقانلىقىنى چۈشەندۈرگەن، شۇنداق قىلىپ، ھېلىقى ئىككى نەپەر كادىر شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۆز خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىگەن.

يولداش ئىدرىس كېرىم خىزمەت جەريانىدا ئىقتىسادىي جەھەتلەردە پۇت - قولى پاكىز بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرغان. كوللېكتىپنىڭ ئاشلىق، مال - مۈلۈك، پۇلىغا قارا سانىمىغان. 1982- يىلى 3- مەھەللىنىڭ ئاتخانىسىدىكى ياغاچلارنى ساتقاندا مەھەللە باشلىقى ئۇنىڭغا بىر تال جەگە ياغاچنى ئېلىپ قويغان، ئىدرىس كېرىم بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ، ھېلىقى مەھەللە باشلىقىغا تەنقىد بېرىش بىلەن بىللە ياغاچنى باھالاپ سېتىۋەتكەن. 1983- يىل 6- ئاينىڭ بېشىدا كەنت بېغىدىكى ئۆرۈكنىڭ ئالدى پىشقاندا، باغۋەن ئۆرۈكنىڭ باش بورنى دەپ ئۇنىڭغا بىر سېۋەت ئۆرۈك ئېلىپ كەلگەن، لېكىن ئۇ دەرھال بۇ ئۆرۈكنى كەنتتىكى «5 تە كاپالەتلەنگۈچى» ئىككى ئائىلىگە بۆلۈپ بەرگەن. ئامما بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق تەسىرلەنگەن. ئىلگىرى- ئاخىر بولۇپ كەنت كادىرلىرى ئىگىلىۋالغان 1300 يۈەن نەق پۇل، 21 تۇياق كىچىك چارۋا ۋە زىيانغا ئۇچرىغان بىر تۇياق ئات، ئىككى تۇياق كالىنى ئېنىقلاپ ئەسلىگە كەلتۈرگەن.

باشقىلار ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلەش — يولداش

نى داۋاملاشتۇرۇشنى تاپىلىدى ـ دە، بىزنى تېرىپ بولغان بۇغداي ئېتىزلىرىنى كۆرسىتىشكە باشلاپ ماڭدى.

پاھ! بۇ پېشقەدەم دېھقان راستتىنلا كۈچەپتۇ. ئۇنىڭ تېرىلىپ بولغان بۇغدايلىرى سالالاشتۇرۇلغان ئېتىز ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، كىچىك ـ كىچىك كاندۇكلارغا بۆلۈنگەنىدى، قىرلار ئېگىز سوقۇلۇپ ئېتىز ئىچى خۇددى ئەينەكتەك تۈپتۈز تەكشىلىنىپتۇ، ئېتىزدىن گۈلە چوڭلۇقىدا بىر تال چالمىنىمۇ ئىزدەپ تېپىش تەس. ئۇرۇق سېيالكىدا سېلىنغاچقا مايسىلار خۇددى تۈكچىدەك تەكشى ئۈنگەنىدى...

— بۇ يىل قانچىلىك بۇغداي تېرىماقچى بولۇۋاتىلا؟ — سورىدۇق بىز ئىسمايىل ئاكىدىن.

— 46 مو تېرىشنى پىلانلىغانىدىم، هازىرغىچە 60%نى تېرىپ بولدۇم، سۇيىمىز قىس بولمىغان بولسا، بۇ چاغقىچە ھەممىسى تېرىلىپ بولاتتى.

ئىسمايىل ئاكىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بۇ يىل تېرىماقچى بولغان بۇغداي يېرىگە قاتتىق ئىشلەپتۇ: يەرنى ئۈچ قېتىم شۇدىگەر قىلىپ ئاپتاپقا سالغاندىن باشـقا، قانىغۇچە ئۇسا قىـلىپ، تراكـتور بىلەن 30 — 40 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا يەنە ئۈچ قېتىم ھەيدەپ باسۇرۇپتۇ، ھەر موسىغا 50 هارۋىدىن ئوغۇت قويۇپتۇ، ئۇرۇق بىلەن مۇۋاپىق مىقداردا فوسفورلۇق ئوغۇت بېـرىپتۇ، ئەلا سورتـلۇق «تاڭـشەن — 9898» نى تېرىپتۇ.

— گەپنىڭ نان تېگىدىكى يېرىنى دېسەم پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان ئىقتىسادىي سىياسەتلىرى ماڭا چوڭ ئىلھام بەردى، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان پارتىيە سىياستىگە كۆڭۈل توختىتىپ، ھۆددە يەرلەرگە ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن قاتتىق ئىشلىگەنىدىم، يەر ئىشلىگەننى بىلدى، 1986ـ يىلى كۈزدە 46 مو بۇغداي تېرىغانىدىم، بۇ يىل 40 مىڭ جىڭغا يېقىن ھوسۇل ئالدىم، بۇنىڭدىن 27 مىڭ جىڭنى دۆلەتكە سېتىپ بەردىم. ئۈچ يىل ئىچىدە دۆلەتكە 60 مىڭ جىڭغا يېقىن بۇغداي سېتىپ بېرىپتىمـ

## «دېھقان بېشى»غا بارىكاللا!

ئۈچ يىل ئىچىدە دۆلەتكە 60 مىڭ جىڭغا يېقىن بۇغداي سېتىپ بەرگەن بۇ پېشقەدەم دېھقاننى بىز يەنىلا ئېتىز بېشىدىن — سېپالكىدا بۇغدايغا ئۇرۇق سېلىۋاتقان يېرىدىن تاپتۇق.

— ئىسمايىل ئاكا، غەيرەتلىرىڭگە بارىكاللا! بۈگۈن يەنە 10 مو يەرگە ئۇرۇق سالىدىكەنلا - دە، — دېدى بىزنى باشلاپ كەلگەن يېزىلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يولداش راخمان ئۆمەر، — تىنىم تاپماس دېھقان دېسە مانا سىلىنى دېسە بولىدۇ، جۇمۇ.

60 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان، يۈزى شاختىا قىزىرىپ پىشقان چىلاندەك، بەستىدىن بېجىرىملىك چىقىپ تۇرىدىغان بۇ دېھقان چېچەۋاتقان كەتمىنىنى يەردە قويدى - دە، بىز بىلەن بىر - بىرلەپ قىزغىن كۆرۈشتى.

— ئۆزلىرىنىڭ بۇغداي ئىشلەپچىقىرىشتىكى تەجرىبىلىرىدىن گېزىتكە ئاز - تولا بىرنېمە يازايلى دەپ كېلىۋىدۇق، — دېدۇق بىز ئۆزىمىزنى تونۇشتۇرۇپ.

ئىسمايىل ئاكا بىرئاز ئوڭايسىزلىنىپ قالدى بولغاي، بېشىنى بىر قاشلىۋېلىپ:

— گېزىتكە يازغۇدەك بىر ئىش قىلالمىدىم، قىلدىم دېگەندىمۇ بۇ ئىشىم باشقىلارنىڭكىگە يەتمەيدۇ. ئاۋۋال بۇ يىل تېرىغان بۇغداي ئېتىزلىرىمنى چۆرگىلەپ كېلىشسىلە، ئاندىن سۆزلەشسەك قانىداق، — دەپ تەكلىپ بەردى.

بىز رازىلىق بىلدۈردۇق. ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرگە ئۇرۇق سېلىشـ

# ئايشەمنىڭ تەرىپلىرى

— بۇنىڭدا، — دېدى مارالبېشى ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى يولداش تۇنىسا مۇھەممەت بىزگە خەت بېسىش ماشىنىسىدا ئۇرۇپ بېسىلغان بىر پارچە ماتېرىيالنى سۇنۇۋېتىپ، — دۆلەتباغ يېزىلىق چارۋا مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، كومپارتىيە ئەزاسى ئايشەم ئابدۇللانىڭ ئىش ئىزلىرى يېزىلغان. ئايشەم ئابدۇللا يالغۇز دۆلەتباغ يېزىسىنىڭلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ناھىيىمىزنىڭ كالا نەسلىنى ياخشىلاشتىكى بىردىنبىر تۆھپىكار ئايال — چارۋا مال دوختۇردى، ئۇنىڭ ئىش ئورنىنى زىيارەت قىلىپ بېقىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن.

بىز ئۇنى 1987- يىل 11- ئاينىڭ 3- كۈنى ئىش ئورنىدا كۆردۇق، ئاپئاق خالات كېيىلىشكەن بەستىگە خوي مۇ ياراشقان، 25 — 26 ياشلاردىكى ئايشەم ئابدۇللا بىلەن كۆرۈشۈپ مەقسىتىمىزنى ئېيتقانىدۇق، ئۇ:

— ئىككى ئىنەككە ئۇرۇق سېلىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىپ قويغانىكەنمەن، مۇشۇ ئىشنى تۈگىتىپلا ئەھۋاللاشساقمىكىن، بولىسا سىلەرمۇ ئۇرۇق سېلىش ئەھۋالىنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرۈپ باقساڭلار، — دېدى.

بىز رازىلىق بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ باشلىشى بىلەن ئۇرۇق سېلىش ئۆيىگە كىردۇق. ئىنەكلەر ئۆينىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى ياغاچ تۈۋرۈككە مەھكەم باغلانغان، ئۇرۇق سېلىشقا ئىشلىتىلىدىغان ھەرخىل سايمانلار تام تۈۋىگە يۆلەپ قويۇلغان كىچىك شىرە ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلغانىدى. ئۇ ئىنەك ئىگىلىرىنىڭ ئىسىم- فامى-

ﻣﻪﻥ. ﺑﯘ ﻳﯩﻞ ﻳﻪﻧﻪ 24 ﻣﻮ ﻛﯧﯟﻩﺯ ﺗﯧﺮﯨﭙﺘﯩﻢ، ﮬﺎﺯﯨﺮﻏﯩﭽﻪ 4000 ﻳﯜﻩﻧﮕﻪ ﻛﯧﯟﻩﺯ ﺳﺎﺗﺘﯩﻢ، ﻳﻪﻧﻪ 3000 ﻳﯜﻩﻧﮕﻪ ﻛﯧﯟﻩﺯ ﺳﺎﺗﺎﻻﻳﻤﻪﻥ، ﺗﯚﺕ ﻳﯧﺮﯨﻢ ﻣﻮ ﻳﻪﺭﮔﻪ ﺗﯧﺮﯨﻐﺎﻥ ﻗﻮﻏﯘﻧﺪﯨﻦ 1000 ﻳﯜﻩﻧﺪﯨﻦ ﺋﯘﺷﯘﻕ ﻛﯩﺮﯨﻢ ﻗﯩﻠﺪﯨﻢ، ﺋﯚﮔﺰﯨﺪﻩ ﻳﻪﻧﻪ 1000 ﺩﯨﻦ ﺋﺎﺭﺗﯘﻕ ﻗﻮﻏﯘﻧﯘﻡ ﺑﺎﺭ. ﺑﯘ ﻳﯩﻞ ﺑﺎﺷﻘﯩﺴﯩﻨﻰ ﻗﻮﻳﯘﭖ ﺩﯦﮫﻘﺎﻧﭽﯩﻠﯩﻘﺘﯩﻨﻼ ﻗﯩﻠﻐﺎﻥ ﻛﯩﺮﯨﻤﯩﻢ ﺋﺎﺋﯩﻠﻪﻣﺪﯨﻜﻰ ﺋﺎﻟﺘﻪ ﻧﻮﭘﯘﺳﻨﯩﯔ ﮬﻪﺭﺑﯩﺮﯨﮕﻪ 3000 ﻳﯜﻩﻧﺪﯨﻦ ﻛﻪﻡ ﭼﯜﺷﻤﻪﻳﺪﯗ.

ﺋﯩﺴﻤﺎﻳﯩﻞ ﺋﺎﻛﯩﻨﯩﯔ ﺗﻮﻧﯘﺷﺘﯘﺭﯗﺷﯩﺪﯨﻦ ﻗﺎﺭﯨﻐﺎﻧﺪﺍ، ﺋﯘﻧﯩﯔ ﺋﺎﺋﯩﻠﯩﺴﻰ ﺧﯧﻠﻰ ﮬﺎﻟﻠﯩﻨﯩﭗ ﻗﺎﭘﺘﯘ. ﮬﺎﺯﯨﺮ ﺋﺎﺋﯩﻠﯩﺴﯩﺪﻩ ﻳﻪﺗﺘﻪ ﻛﺎﻻ، ﺑﯩﺮ ﺋﺎﺕ، 20 ﺗﯘﻳﺎﻗﻘﺎ ﻳﯧﻘﯩﻦ ﺋﯘﺷﺸﺎﻕ ﭼﺎﺭﯞﺍ ﺑﺎﺭ ﺋﯩﻜﻪﻥ، ﺑﯘ ﻳﯩﻞ ﻳﻪﻧﻪ 18 ﻣﯩﯔ ﻳﯜﻩﻧﮕﻪ 55 ﺋﺎﺕ ﻛﯜﭼﯩﮕﻪ ﺋﯩﮕﻪ ﺗﺮﺍﻛﺘﻮﺭﺩﯨﻦ ﺑﯩﺮﻧﻰ ﺳﯧﺘﯩﯟﺍﭘﺘﯘ، 3000 ﺗﯜﭖ ﺩﻩﺭﯨﺨﻰ ﺑﺎﺭ ﺋﯩﻜﻪﻥ، ﻣﯧﯟﯨﻠﯩﻚ ﺩﻩﺭﻩﺧﻠﯩﺮﯨﻤﯘ 300 — 400 ﺗﯜﭘﻜﻪ ﻳﯧﺘﯩﺪﯨﻜﻪﻥ، ﺋﯚﺯﻯ ﻳﺎﺷﯩﻨﯩﭗ ﻗﺎﻟﻐﺎﻥ ﺑﻮﻟﺴﯩﻤﯘ «ﺑﻪﺧﺖ» ﻣﺎﺭﻛﯩﻠﯩﻖ ﻣﻮﺗﯩﺴﯩﻜﻠﯩﺘﺘﯩﻦ ﺑﯩﺮﻧﻰ ﺳﯧﺘﯩﯟﺍﭘﺘﯘ، ﺋﺎﺋﯩﻠﻪ ﺳﻪﺭﻩﻣﺠﺎﻧﻠﯩﺮﯨﻨﯩﻤﯘ ﻳﯧﺘﻪﺭﻟﯩﻚ ﻗﯩﻠﯩﯟﺍﭘﺘﯘ.

ﺋﺎﺧﯩﺮﯨﺪﺍ ﺭﺍﺧﻤﺎﻥ ﺋﯚﻣﻪﺭ ﻣﺎﯞﯗﻻﺭﻧﻰ ﻗﻮﺷﯘﻣﭽﻪ ﻗﯩﻠﺪﻯ: ﺋﯩﺴﻤﺎﻳﯩﻞ ﺋﺎﻛﯩﻨﯩﯔ ﺑﯘﻏﺪﺍﻱ ﺋﯩﺸﻠﻪﭘﭽﯩﻘﯩﺮﯨﺸﺘﯩﻜﻰ ﻳﻪﻧﻪ ﺑﯩﺮ ﺋﺎﺭﺗﯘﻗﭽﯩﻠﯩﻘﻰ — ﺋﻮﻏﯘﺕ ﺗﻮﭘﻼﺷﻘﺎ ﺋﺎﻻﮬﯩﺪﻩ ﺋﻪﮬﻤﯩﻴﻪﺕ ﺑﯧﺮﯨﺪﯗ، ﻛﯚﻙ ﻳﺎﻧﺘﺎﻗﻨﻰ ﻣﺎﻝ ﻗﻮﺗﺎﻧﻠﯩﺮﯨﻐﺎ ﺗﺎﺷﻼﭖ ﭼﯩﺮﯨﺘﯩﭗ ﺋﻮﻏﯘﺕ ﻗﯩﻠﯩﺶ ﺋﯘﻧﯩﯔ ﺑﯩﺮﺩﯨﻨﺒﯩﺮ ﻳﯧﯖﯩﭽﻪ ﺋﯘﺳﯘﻟﻰ، ﮬﻪﺭ ﻳﯩﻠﻰ ﮬﻪﺭ ﻣﻮ ﻳﻪﺭﮔﻪ 50 ﮬﺎﺭﯞﺍ ﺳﯘﭘﻪﺗﻠﯩﻚ ﺋﻮﻏﯘﺕ ﻗﯘﻳﻤﯩﺴﺎ، ﺩﯨﮫﻘﺎﻧﭽﯩﻠﯩﻖ ﻗﯩﻠﻤﺎﻳﺪﯗ. ﺷﯘﯕﺎ، ﺋﯜﭺ ﻳﯩﻠﺪﯨﻦ ﺑﯘﻳﺎﻥ ﻳﯧﺰﯨﻤﯩﺰ ﺑﻮﻳﯩﭽﻪ ﺑﯘﻏﺪﺍﻱ ﺋﯩﺸﻠﻪﭘﭽﯩﻘﯩﺮﯨﺸﺘﺎ ﺋﯩﻠﻐﺎﺭ ﺋﺎﺋﯩﻠﻪ ﺑﻮﻟﯘﭖ ﺑﺎﮬﺎﻟﯩﻨﯩﭗ، ﻧﺎﮬﯩﻴﯩﻤﯩﺰ ﺗﻪﺭﯨﭙﯩﺪﯨﻦ ﺑﯩﺮﻗﺎﻧﭽﻪ ﻗﯧﺘﯩﻢ ﻣﯘﻛﺎﭘﺎﺗﻼﻧﺪﻯ. 1987- ﻳﯩﻞ 10- ﺋﺎﻳﻨﯩﯔ 9- ﻛﯜﻧﻰ ﺑﯩﺰ ﻣﺎﺭﺍﻟﺒﯧﺸﻰ ﻧﺎﮬﯩﻴﻪ ﭼﺎﺭﺑﺎﻍ ﻳﯧﺰﯨﺴﯩﻨﯩﯔ ﺩﻩﺭﻳﺎ ﺑﻮﻳﻰ 3- ﻛﻪﻧﺖ 2- ﻣﻪﮬﻪﻟﻠﯩﺴﯩﺪﯨﻜﻰ ﺑﯘ ﺗﯚﮬﭙﯩﺴﻰ ﺯﻭﺭ ﺩﯦﮫﻘﺎﻧﻨﯩﯔ ﺗﯩﺮﯨﺸﭽﺎﻥ ﺭﻭﮬﯩﻐﺎ ﺋﺎﭘﯩﺮﯨﻦ ﺋﻮﻗﯘﭖ ﺯﯨﻴﺎﺭﯨﺘﯩﻤﯩﺰﻧﻰ ﺋﺎﺧﯩﺮﻻﺷﺘﯘﺭﺩﯗﻕ.

1987- ﻳﯩﻞ ﺋﯚﻛﺘﻪﺑﯩﺮ

نىڭ باش تېخنىكلىقىغا بەلگىلەپتۇ. ئۇ بۇ ئىشقا كىرىشكەندە ئۇرغۇن ئەمەلىي قىيىنچىلىققا دۇچ كەپتۇ، لېكىن ئۇ ئۆز كەسپىگە بولغان ئوتتەك قىزغىنلىقى بىلەن تەكرار ماتېرىيال كۆرۈش، ئىلغار ئورۇنلارنىڭ تەجرىبىسىنى ئۆگىنىش، ئەمەلىيەتتىن قايتا - قايتا ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئىنەكلەرنى توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇشنىڭ تېخنىكىلىق تەلەپلىرىنى ئىگىلەپ كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپتۇ. 1983- يىلى ئۇنىڭ قولى بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇلغان ئىنەكلەرنىڭ بوغاز بولۇش نىسبىتى ئاران 70% ئەتراپىدا بولغان بولسا، 1984- يىلىغا كەلگەندە 80% تىن كۆپرەككە يېتىپتۇ. شۇ يىلى 6- ئايدا بۇ پونكىتتا ئاپتونوم رايونى بويىچە كالا نەسلىنى ياخشىلاش نەق مەيدان يىغىنى ئېچىلىپ، ئۇنىڭ تەجرىبىسى تونۇشتۇرۇلۇپتۇ. 1983- يىلى كۈزدىن 1987- يىل 11- ئايىنىڭ باشلىرىغىچە بولغان تۆت يىل ۋاقىت ئىچىدە، ئۇ ئۆز قولى بىلەن 1608 باش ئىنەكنى توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇپ، بوغاز بولۇش نىسبىتىنى 85.9% كە يەتكۈزۈپ، ناھىيە بويىچە ئۈلگە يارىتىپتۇ.

— ئايشەم ئابدۇللانىڭ مۇنداق زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىدە،— دېدى پونكىت باشلىقى يولداش ئەخەت سەلەي سۆھبىتىمىز ئوتتۇرىسىدا سۆز قىستۇرۇپ،— ئۇنىڭ ئۆز كەسپىگە بولغان قىزغىنلىقىدىن باشقا كىشىلەرنىڭ مەسخىرىسىگە پىسەنت قىلماي، مۇھەببىتىدىن قاچماي، دېھقانلارنىڭ كۆيۈمچان قىزى بولۇپ، باش چۆكۈرۈپ ئىشلىشى مۇھىم رول ئوينىدى، بىزنىڭ تەۋەسىدە ئۇنىڭ ئاياغ ئىزى تەگمىگەن كەنت - مەھەللە يوق دېسەك ئارتۇق كەتمەيدۇ.

دەرۋەقە، ئايشەم ئابدۇللا خىزمەت جەريانىدا كۆپ جاپا چېكىپتۇ. ھەر يىلى دېگۈدەك كەنتمۇكەنت، مەھەللىمۇمەھەللە، قوتانمۇ قوتان، ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ، بوغاز يېشىدىكى ئىنەكلەرنى تىزىملاپ چىققىدىكەن، بارغانلا يېرىدە كالىلارنى سۈنئىي ئۇسۇلدا ئۇرۇقلاندۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى سۆزلەيدىكەن، بەزى قايىل بولمىغان دېھقانلارغا ئەمەلىيەتنى كۆرسىتىپ ئۇلارنى قايىل قىلىدىكەن، ھەربىر كالىغا بىردىن ئارخىپ تۇرغۇزىدىكەن، يىل ئاخىرىدا قايسى ئائىلە-

لىسى، قايسى كەنت - مەھەللىدىن ئىكەنلىكى، كالىلارنى قاچان سېتىۋالغانلىقى، بوغاز بولغان - بولمىغانلىقى، ھازىر ئىنەكتە قانداق ئالامەتلەر بولۇۋاتقانلىقى قاتارلىقلارنى بىر - بىرلەپ سوراپ چىققاندىن كېيىن، يانچۇقىدىن ئىككى پارچە كارتوشكا قەغىزى ئېلىپ، سورىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى جەدۋەل بويىچە قالدۇرماي يازدى، ئارقىدىن تەكشۈرۈش ئەسۋابى بىلەن ئىنەكلەرنىڭ كۆيلەش مەزگىلىنىڭ توشقان- توشمىغانلىقىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈردى، كۆيلەش كۈنىنىڭ دەل شۇ كۈنى ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرغاندىن كېيىن، بىر شاگىرتىنىڭ ياردەملىشىشى بىلەن ئىنەكلەرنى بىر - بىرلەپ ئۇرۇقلاندۇردى. سەككىز سائەت ۋاقىتتىن كېيىن يەنە بىر قېتىم ئۇرۇق سالدىغانلىقىنى، ئىككىنچى قېتىم ئۇرۇق سالغان كۈندىن ھېسابلاپ، 18 — 20 كۈن ئۆپچۆرىسىدە ئىنەكتە يەنە كۆيلەش ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، پونكىتقا دەرھال ئېلىپ كېلىپ تەكشۈرتۈشنى تاپىلىدى.

— خىزمەتتە بەك ئەستايىدىل ئىكەنسىز، دېھقان تاغىلارمۇ سىزدىن رازى بولسا كېرەك،— دېدۇق بىز ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە زوقىمىز كېلىپ.

— تېخنىكا تەلەپ قىلىدىغان ئىشتا قانچىكى ئەستايىدىل بولسا شۇنچە ياخشى، سەل - پەل بىپەرۋالىق بولىدىكەن، خىزمىتىمىزنىڭ ئۈنۈمى بولمايدۇ، ئىنەكلەرمۇ قىسىر قالىدۇ - دە، دېھقان تاغىلىرىمىزغا ئۆۋال قىلىپ قويىمىز،— دېدى ئۇ سوئالىمىزغا جاۋاب بەرگەچ قولىياغلىقى بىلەن پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتۈۋېتىپ.

ئايشەم ئابدۇللا مەشغۇلاتىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، بىزنى ئىشخانىسىغا باشلاپ ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ بەردى. ئىگىلىشىمىزچە، ئۇ 1979- يىلى قەشقەر يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، مۇشۇ پونكىتقا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىپتۇ، ئالدىنقى تۆت يىل ئىچىدە پونكىتنىڭ دورا ئامبىرىغا مەسئۇل بولغاچ قوشۇمچە چارۋا مال داۋالاش بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ. 1983- يىل 5- ئايغا كەلگەندە، تەشكىل ئۇنى قەشقەر شەھىرىدە جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئېچىلغان تولۇقلىما ئىسپېرما بىلەن ئىنەكلەرنى ئۇرۇقلاندۇرۇش كۇرسىغا ئەۋەتىپ مەلۇم ۋاقىت تەربىيىلىگەندىن كېيىن، بۇ پونكىت-

# سۇ پەرۋانىسى

«پەرۋانە يورۇقلۇقنى قەدىرلىگەچكە، يالقۇندا كۆيۈپ ئۆلۈشكە رازى. مەنمۇ خىزمەتكە شۇنداق ئىشتىياق باغلىدىم، بۇ يولدا مۇشكۈللۈك ۋە قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، قان - تەرىم بىلەن زېمىننى ياشارتىشقا رازى».

بۇ — ئۆز كەسپىگە قىزغىن مۇھەببەت باغلاپ 23 يىللىق ئۆمرىنى دېھقانلار ئارىسىدا، ئېرىق - ئۆستەڭ، توما - تاقاق بويلىرىدا توپا - لايغا مىلىنىپ ئۆتكۈزگەن مارالبېشى ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، كومپارتىيە ئەزاسى يولداش نايۇپ ئايۇپنىڭ يۈرەك سۆزى.

نايۇپ ئايۇپ 1964- يىلى سۇچىلىق خىزمىتىگە قەدەم قويغان بولۇپ 1972- يىلىغىچە يېڭىئۆستەڭ سۇ پونكىتىدا ئىشلىدى. 1972- يىلدىن باشلاپ ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ، چوڭقۇرچاق يېزىلىرىنىڭ سۈيىنى تەڭشەپ بېرىش ۋە يەكەن دەريا باشقارمىسىنىڭ مەكتەۋىسىدە تۇرۇشلۇق «دۆڭقوتان» سۇ پونكىتىدىن مارالبېشى ناھىيىسىگە تەقسىم قىلىنغان سۇنى ئاياغقا ئۆتكۈزۈپ بېرىش ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىدى. نايۇپ ئايۇپ بۇ جەرياندا سۇ ئىشلىرىغا دائىر بىلىملەرنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، سۇ ئىشلىرىغا ئائىت كەسپىي ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى. يېڭىئۆستەڭ يېزىسى بىلەن «دۆڭقوتان» سۇ تەقسىملەش پونكىتىنىڭ ئارىلىقى 40 نەچچە كىلومېتىر بولۇپ قاتناش قوراللىرى يوق، يول توپا ۋە ئېگىز - پەس بولغان ئەھۋالدا، ئۇ خەلق ئۈچۈن جاپا چېكىشنى راھەت بىلىپ، بۇ يولنى ھەر 10 كۈندە بىر قېتىم

دىن ئارخىپتىكى ئىنەك پونكىتقا ئېلىپ كېلىنمىگەن بولسا، يولنىڭ يىراق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شۇ ئائىلىگە دەرھال يېتىپ كېلىپ ئەھۋالنى سۈرۈشتە قىلىدىكەن. ئۇنىڭ بۇ ئىشى دېھقانلارغا يېقىپ ئۇنى ئۆز قىزىدەك ياخشى كۆرىدىغان، قانداق گەپ - سۆزلىرى بولسا ئۇنىڭغا ئېيتىدىغان بوپتۇ. تۆت يىل جەريانىدا ئۇ يەنە تۇغۇتى قىيىن بولغان 56 باش ئىنەكنى تۇغدۇرۇپ، موزىيىنى سالامەت ئەي قىپتۇ، جىنسىي يولىدا كېسەللىك كۆرۈلگەن 36 تۇياق ئىنەكنى داۋالاپ ساقايتىپتۇ، موزىيى قورسىقىدا تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ قالغان 12 ئىنەكنىڭ بالىسىنى ئېلىۋېتىپ ئانىسىنى ساقلاپ قاپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، خىزمەت جەريانىدا باشقىلارغا ياردەملىشىپ، ھەر خىل كېسەللىككە گىرىپتار بولغان 1426 تۇياق ئۇششاق چارۋىنى داۋالاپ ساقايتىپتۇ، 1556 تۇياق ئۇششاق چارۋا، 7000 دىن كۆپرەك توخۇغا ۋاكسىنا سېپتۇ، شاگىرتتىن بەشنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ، مۇستەقىل ئىشلىيەلەيدىغان سەۋىيىگە ئىگە قىپتۇ.

ئايشەم ئابدۇللا يۇقىرىقىدەك نەتىجىلىرىگە ئاساسەن 1986- يىل 3- ئايدا پارتىيىگە قوبۇل قىلىنىپتۇ. بۇ يىل 2- ئايدا پونكىتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلۈپتۇ، ۋىلايەت، ناھىيە ۋە يېزا تەرىپىدىن يەتتە قېتىم خىزمەت ئىلغارى بولۇپ باھالىنىپ، مۇكاپات ئاپتۇ، كالا نەسلىنى ياخشىلاشتىكى تەجرىبىسى ناھىيە بويىچە كېڭەيتىلىپتۇ. ئۇ تۇرغان پونكىتمۇ ۋىلايەت، ناھىيە ۋە يېزا تەرىپىدىن كۆپ قېتىم تەقدىرلىنىپتۇ.

— مەن تېخى ياش، يۇقىرىقىلار خەلق ئۈچۈن قىلغان خىزمىتىمنىڭ باشلىنىشى، مەن قەدەمنى يەنىمۇ چوڭ ئېلىپ، كەسپىي سەۋىيەمنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈپ ناھىيىمىزدە كالا نەسلىنى ياخشىلاش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر خىزمەت قىلىمەن، — دەيدۇ ئايشەم ئابدۇللا سۆھبىتىمىزنىڭ ئاخىرىدا.

1987- يىل نويابىر

ئىشلىرى توسالغۇغا ئۇچرىغانىدى، نايۇپ ئايۇپ بىر تەرەپتىن كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتىنى تۇتسا، يەنە بىر تەرەپتىن چارە ئىزدەپ، يەكەن دەريا باشقارمىسى، سوغۇچاق سۇ ئامبىرى، «دۆڭقوتان» سۇ تەقسىملەش پونكىتى قاتارلىق ئورۇنلارغا بېرىپ ئالاقە باغلاپ، سۇ قىس بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. ناھىيىنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋەزىيىتىدە نورمال ھالەت شەكىللەنگەن بىر پەيتتە، ۋىلايەتنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى بۇ ناھىيىگە كېلىپ، ئۇلاردىن كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتىنى يەنىمۇ چىڭ تۇتۇپ ئىشلەشنى ئورۇنلاشتۇردى. نايۇپ ئايۇپ بۇ چاغدا يەنىلا شەھەر ئۆستىڭى مۇداپىئە نۇقتىسىغا مەسئۇل بولدى. سۇ چىقىپ كېتىۋاتقان دەريا قىرغىقىغا تۇرمەل بېسىپ، سۇنىڭ قىرغاقنى چېقىش كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن 600 ئەمگەك كۈچى تەشكىللىدى. 7- ئاينىڭ 11- كۈنى ئۇزۇنلۇقى 30 مېتىر، ئېگىزلىكى 2.5 مېتىرلىق 14 توننا ئېغىرلىقتىكى بىرىنچى تۇرمەل شەھەر ئۆستىڭىنىڭ باش قىسمىدىكى يەكەن دەرياسى ئېقىنىغا بىخەتەر سېلىنىپ، ئىككىنچى قېتىملىق تۇرمەل سېلىش ئىشى باشلاندى. بۇ ۋاقىتتا نايۇپ ئايۇپ تۇرمەل ئۈستىدە تۇرۇپ ئۇنى يۇمىلىتىشقا قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى. تۇرمەل تۇيۇقسىز قوزغىلىپ كەتتى، ئۇنىڭ ھاياتىدىن ئەنسىرەشكەن يۈزلىگەن دېھقانلار قىيا - چىيا قىلىشتى، نايۇپ ئايۇپ چوڭقۇر ھاڭغا قاراپ ئىتتىرىلىۋاتقان، ئارىلىقى پەقەت 3 مېتىرلا قالغان تۇرمەلدىن ئۆزىنى ئاتتى ۋە «قارس» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا ئوڭ پۇتىنىڭ لېپىكى چىقىپ كېتىپ، سول پۇتى تولغىنىپ كېتىپ ئېغىر زەخىملەندى. ئۇ بىر ۋارقىراپلا ئورنىدىن تۇرالماي قالدى، باشقىلار كېلىپ پۇتىنى سىلىكىپ لېپىكىنى ئىزىغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئاقساپ بېرىپ قوماندانلىق قىلىشنى يەنە داۋاملاشتۇردى، باشقىلار ئۇنىڭغا ئۆيىگە قايتىپ كېتىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇ چىدىغۇسىز ئاغرىق ئازابىغا بەرداشلىق بېرىپ قايتىشنى رەت قىلدى. ھاسا تايىنىپ يۈرۈپ شۇ كۈنى 14 توننا ئېغىرلىقتىكى ئىككى تۇرمەلنى باسۇرۇپ كۆزلىگەن مەقسەتكە

ۋېلىسىپىت بىلەن مېڭىپ، پونكىتتىن ناھىيىنىڭ نورمىلىق سۈيىنى
تولۇق تاپشۇرۇۋېلىپ، ئاساسىي قاتلاملارغا دەل ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ
بېرىشنى كاپالەتلەندۈردى.

ئەل ئۈچۈن جاپا تارتىشنى راھەت بىلىدىغان كىشىلەر ئۆز ھۆر-
مىتىنى ئەل ئىچىدىن تاپىدۇ. نايۇپ ئايۇپمۇ شۇنداق قىلدى. تەشكىل
1978- يىلى ئۇنى ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتىر ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن
باشلىقلىقىغا ئۆستۈردى. ئۇ يېڭى ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كې-
يىن، ئۆزىگە تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قويۇپ ناھىيىنىڭ سۇ باشقۇرۇش
جەھەتتىكى تەڭسىزلىك، سۇ ئىسراپچىلىقى قاتارلىق مۇرەككەپ مە-
سىلىلەرنى ھەل قىلىش يولىدا ئىزدىنىپ، ئۈنۈملۈك چارە - تەدبىر-
لەرنى قوللاندى، سۇ باشقۇرۇشتا ياۋاشنى بوزەك قىلمىدى، نوچىلار-
دىن قورقمىدى؛ ناھىيىدە قۇرغاقچىلىق، كەلكۈن ئاپەتلىرى يۈز
بەرگەن ھالقىلىق پەيتلەردە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆزد-
نى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلەپ ناھىيىنىڭ ئاپەت ئۈستىدىن غەلىبە قى-
لىپ، ئۇدا توققۇز يىل مول ھوسۇلنى قولغا كەلتۈرۈشىگە تۆھپە
قوشتى. ئۇ 1987- يىلى يازدا كەلكۈن ئاپىتى يۈز بېرىدىغانلىقىدىن
خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، يەتتە كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ناھىيىنىڭ
كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش زۆرۈر بولغان ئورۇنلىرىنى ئەتراپلىق
تەكشۈرۈپ، ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىگە تەكلىپ ۋە مۇدا-
پىئە كۆرۈش تەدبىرلىرىنى سۇندى. ئۇنىڭ تەكلىپى ناھىيىلىك پارت-
كومنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، 5- ئاينىڭ باشلىرىدا ناھىيە بويىچە
كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىلدى. كەل-
كۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتى باشلانغاندىن كېيىن، ئۇ باشلام-
چىلىق بىلەن جەڭگە ئاتلىنىپ، ناھىيە بويىچە 1 - دەرىجىلىك خەۋپ-
لىك قۇرۇلۇش ـــــ شەھەر ئۆستىڭى تومۇسىنىڭ مۇداپىئەسىنىگە مەس-
ئۇل بولۇشنى ئۈستىگە ئېلىپ 50 نەچچە كۈنگىچە ئائىلىسىگە قايتماي
ئىشلەپ، مۇداپىئە خىزمىتىنىڭ ۋاقتىدا، سۈپەتلىك ئىشلىنىشىگە
كاپالەتلىك قىلدى. ئالدىن قىلىنغان مۆلچەرنىڭ ئەكسىچە، 1987-
يىلى يەكەن دەرياسىغا سۇ كېچىكىپ كېلىپ، زىرائەتلەرنى سۇغىرىش

ئومۇملاشتۇرۇشقا تىرىشتى. 1986- يىلى ناھىيە بويىچە، ھەربىر مو يەر ئۈچۈن كەتكەن سۇ 800 كۇب مېتىرغا تۆۋەنلەپ، 1981- يىلىدىكى 1384 كۇب مېتىرغا قارىغاندا، مو بېشىدا 42% سۇ تېجەپ قېلىندى، بۇنىڭ بىلەن مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ سۇغىرىش ئىشلىرىدا يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى.

نايۇپ ئايۇپ بۇ نەتىجىلىرى بىلەن 1978- يىلىدىن ھازىرغىچە سۇ ئىشلىرى سىستېمىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالىنىپ، ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن ئىككى قېتىم، ۋىلايەت تەرىپىدىن ئۈچ قېتىم، ناھىيە تەرىپىدىن ئون نەچچە قېتىم مۇكاپاتلاندى.

1987- يىل نويابىر



يەتتى ۋە بۇ ئىش پۇتكۇچە ئالتە كۈن ئىش ئورنىدا يېتىپ - قوپۇپ ئىشلەپ، 7- ئاينىڭ 17- كۈنى ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، ئاندىن پۇتىنى تاڭدۇردى. ئارىدىن 20 كۈن ئۆتكەندە كەلگۈن كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان نايۇپ ئايۇپ پۇتىنىڭ تېخى ئۇزۇل - كېسىل ساقايمىغانلىقىغا قارىماي، هارۋىغا ئولتۇرۇپ دەريا بويىغا بېرىپ، هاسا تايىنىپ يۈرۈپ مۇداپىئەگە يېتەكچىلىك قىلىپ، كەلكۈن ئاخىرلاشقۇچە ئىش ئورنىدىن ئايرىلمىدى. بەزىلەر ئۇنىڭغا: «سىزگە جانىڭىز لازىمى يوقمۇ؟ جېنىڭىز تۆمۈردىنمۇ قاتتىقكەن، جېنىڭىزغا ئىچىڭىز ئاغرىمايدىكەن» دېگەندە، ئۇ: «دۇنيادا ئۆمۈردىن، هاياتتىن چوڭ بايلىق يوق، لېكىن خەلقنىڭ هاياتى، مال - مۈلكىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشتا ۋەزىپىنى ئورۇندىيالماي قايتسام بۇنىڭدىن چىققان زىياننى كىم تۆلەيدۇ؟» دەپ جاۋاب بەردى.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، بۇ ناهىيە يەنە قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچراپ، كۈزگى بۇغداي تېرىلغۇسى توسالغۇغا ئۇچرىدى. هاسىسىنى تاشلىۋەتكەن بولسىمۇ تېخى پۇتى تەلتۆكۈس ساقىيىپ كەتمىگەن نايۇپ ئايۇپ بۇ ئاچقۇچلۇق پەيتتە يەنە دەريا بېشىنى ماكان تۇتۇپ، ئون نەچچە كۈن دەريا سۈيىنى مارالبېشىدىكى يېزا - بازارلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش يولىدا ئىزدەندى. 9- ئاينىڭ 20- كۈنى دەرياغا تۇغ باغلاۋاتقاندا، ئۇ ئىش مەيدانىدا بىر تال شاخقا پۇتلىشىپ قاتتىق يىقىلىپ كېتىپ، يەنە لېپىكى چىقىپ كېتىپ ئىككىلا پۇتى ئىششىپ كەتتى. ناهىيىنىڭ سۇ خىزمىتىگە مەسئۇل مۇئاۋىن هاكىمى ئابدۇكېرىم يۈسۈپ ئۇنىڭغا قايتىپ كېتىپ داۋالىنىشنى ئېيتقاندا، ئۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولمىغۇچە قايتمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، يېرىم ئاي ئىش ئورنىدىن ئايرىلماي، ئاممىغا يېتەكچىلىك قىلدى، بۇ يەردىكى ئىش تاماملانغاندىلا، ئاندىن قايتىپ بېرىپ پۇتىنى تاڭدۇرۇپ ئەسلىگە كەلتۈردى.

نايۇپ ئايۇپ ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان 10 يىلدىن بۇيان نەگىلا بارسا ئىلمىي ئۇسۇلدا يەر سۇغىرىش، ئاز سۇ بىلەن كۆپ يەر سۇغىرىشنى تەشەببۇس قىلدى ھەمدە بۇ ئىشنى ناھىيە بويىچە

رۇش، تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئىش ئىزلىرى ناھىيىمىزدىكى كەنتلەرنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرىدۇ.

— ياخشى گەپكەن، توغراقلىقنى كۆرسەتكەچ ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ بەرسىلە قانداق؟ — دېدۇق بىز مەخەت سەمەتكە.

— ھەرقانداق ئىش قىلماسلىقتىن قالىدىكەن، — دېدى ئۇ سوئالىمىزغا جاۋابەن، — توققۇز يىل ئەجىر قىلىشىدۇق، ئەجرىمىز يەردە قالمىدى.

يولداش مەخەت سەمەتنىڭ تونۇشتۇرۇشىدىن قارىغاندا، ئىلگىرى يېڭىباغ كەنت تەۋەسىدە 10 مىڭ مو ئەتراپىدا تەبىئىي توغراقلىق بولغانىكەن، «سول» لۇشيەن ھۆكۈم سۈرگەن يىللارغا كەلگەندە باشقۇرۇش تۈزۈملىرى مۇكەممەل بولماسلىق، قالايمىقان كېسىش، مال قويۇپ بېرىش، سۇغىرىش شارائىتىنى ياخشىلىماي تاشلىۋېتىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، توغراقلىق كۆلىمى يىلدىن - يىلغا ئازىيىپ كېتىپ، 70- يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە 5000 مو ئەتراپىغا چۈشۈپ قالغان. پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، بۇ كەنت خەلقى ۋەيران قىلىۋېتىلگەن توغراقلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كۈرىشىگە ئاتلىنىپتۇ، ئۇلار كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ يېتەكلىشى، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ قوللىشى ئاستىدا توققۇز يىل ئىچىدە 100 مىڭ يۇەندىن كۆپرەك مەبلەغ سەرپ قىلىپ، 23 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئانا ئۆستەڭ، 30 نەچچە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا شاخچە ئۆستەڭ چېپىپ، سۇغىرىش شارائىتىنى ياخشىلاپتۇ. ئېگىزلىكى 5 مېتىر، كەڭلىكى 3 مېتىر كېلىدىغان 20 نەچچە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا تىگەن سوقۇپ چىققاندىن باشقا 5000 مو كۆلەمدىكى توغراقلىقنى بىر مودىن قىلىپ دائىرىگە ئاپتۇ. سۇغىرىش شارائىتىنى ياخشىلىغاندىن كېيىن، يىلتىزىدىن كۆكلىتىپ ئۆستۈرۈش، شاخلىرىنى چاتاپ ياشلاشتۇرۇش، كەلكۈن سۇ قويۇپ ئۇندۇرۇش، قەلەمچە تىكىپ ئۆستۈرۈش، يىلتىزلىق كۆ-

# «يېشىللىق ئەلچىسى» ئۆز ئەجرىنى سۆزلەيدۇ

— مانا بۇ سىلەر زىيارەت قىلماقچى بولغان توغراقلىقىمىزنىڭ بىر قىسمى، — دېدى بىزنى باشلاپ كەلگەن يېڭىباغ 5 ـ كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى يولداش مەخەت سەمەت توغراقلىق تەرەپنى كۆرسىتىپ، — ئۇ يەرنى ماشىنا بىلەن ئايلىنىش قىيىنراق، پىيادە مېڭىپ كۆرسەكمىكىن.

بىز ماشىنىدىن چۈشۈپ بىر ئۆستەڭنى كېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، توغراقلىققا يېتىپ كەلدۇق. ئېگىز ـ ئېگىز دۆڭلۈكلەر قۇم بارخانلىرىنى ماكان قىلىپ كۆككە بوي سوزۇپ تۇرغان توغراق دەرەخلىرى قاتار تىزىلغان ئەسكەرلەرگە ئوخشايتتى، توغراق دەرەخلىرى ئاستىدا ئۆسكەن يۇلغۇنلار، بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن چاتقاللار، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر توغراقلىققا تېخىمۇ گۈزەللىك بېغىشلاپ، بۇ يەرنى سېھىرلىك بىر ماكانغا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. ساپسېرىق توغراق ياپراقلىرى كۈزنىڭ لەرزان شامىلىدا قىزلارنىڭ قۇلىقىدا گىلدىڭلاپ تۇرغان ئالتۇن زىرىنى ئەسلىتەتتى...

— قۇملۇقتا «يېشىل سېپىل» بىنا قىلىۋاتقانلار دېيىلسە مۇشۇ كەنت خەلقىنى دېسە بولىدۇ، — دېدى بىزگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى يولداش تۇرەك نۇرەك، — بۇلارنىڭ تەبىئىي توغراقلىقلارنى ئەسلىگە كەلتۈ-

— توغراق دەرەخلىرىنى باشقۇرۇش جەھەتتە قانداق چارە - ئۇسۇللارنى قوللاندىڭلار؟— سورىدۇق بىز ئەھۋالنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش ئۈچۈن.

— باش-قۇرۇش جەھەتـتىكى تۈزۈمـىمىزنىڭ مۇكەممەل بول- غانلىقى — توغراق كۆلىمىنىڭ مۇنداق تېز كۆپىيىشىدىكى ئاساسىي سەۋەبىنىڭ بىرى،— دېدى ئۇ سوئالىمىزغا جاۋابەن،— توغراق ئۆس- تۈرۈلگەنىكەن باشقۇرۇش كۈچەيتىلمىسە بولمايدۇ، بىر نەپەر كەنت باشلىقىنى بۇ ئىشقا مەسئۇل قىلغاندىن باشقا 30 مىڭ مو توغراقلىقنى دائىرىلەر بويىچە 10 ئائىلىگە ھۆددىگە بەردۇق، بۇلار ئۆز دائىرىسى- دىكى يۇلغۇنلارغىمۇ ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ. توغراقنى ئۈچ خىلغا ئايرىپ چىقتۇق، ئەگەر كىمدە - كىم بىرىنچى خىل توغراقتىن بىر تۈپ كەسسە بەش يۈەن جەرىمانە ئالغاندىن باشقا، بىرىنچى خىل توغراقتىن بىر تۈپ ئۆستۈرۈپ بېرىدۇ، باشقىلىرىمۇ شۇنداق. باش- قۇرۇشىمىز چىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن ھەر تۈپىنى 20 يۈەندىن ئالىدى- غان توغراقتىن ھازىر 30 مىڭ تۈپ توغراق تەييار بولدى. يېقىنقى بىرنەچچە يىل ئىچىدە توغراقلىقتىن 20 مىڭ ھارۋىغا يېقىن شاخ چاتاپ ساتتۇق...

ئاخىرىدا تۇرەك نۇرەك ماۋۇلارنى قوشۇپ قويدى:

— يېڭىباغ كەنت دېھ-قانلىرى توغـراق دەرىخى ئۆستۈرۈپ، قۇم - بوراننىڭ ئالدىنى ئېلىشتا، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشتا ناھىيىمىزگە ئۈلگە تىكلەپ بەردى، ئۇلارنىڭ تەجرىبىسىنى كېڭەيتىۋاتىمىز. ئۇلار توغراق كۆلىمىنى 50 مىڭ موغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ.

بىز 10- ئاينىڭ 27- كۈنى مارالبېشى ناھىيە شامال يېزا يېڭىباغ كەنتىنىڭ توغراقلىقىدىكى زىيارىتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇپ قايتقان بولساقمۇ، لېكىن بىر شائىرنىڭ توغراق توغرىسىدا يازغان مۇنۇ شېئىرى ئېسىمىزگە كېلىۋېلىپ، توغراقلىقنى قايتا - قايتا ئەسلە-

چەتلەرنى قويۇپ كۆپەيتىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈپتۇ ھەم تەرەققىي قىلدۇرۇپتۇ، مال قويۇپ بېرىشتىن، ئوت كېتىشتىن قاتتىق ساقلىنىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن توغراق كۆلىمى يىلدىن-يىلغا كۆپىيىپ، بۇ يىل 10-ئايغا كەلگەندە 30 مىڭ موغا، تۈپ سانى 3 مىليون تۈپتىن كۆپرەككە يېتىپتۇ. بۇنىڭدىن باشقا، كەنت بويىچە 25 مىڭ مو يەردە يۇلغۇنلۇق بەرپا قىپتۇ، ھازىر كەنت بويىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەربىر ئائىلىگە 24 مىڭ تۈپتىن، نوپۇسقا 4395 تۈپتىن توغراق دەرىخى توغرا كېلىدىكەن. ھەربىر ئائىلىگە 200 مودىن يۇلغۇنلۇق توغرا كېلىدىكەن. كەنت رەھبەرلىكى يەنە يېقىنقى بىرنەچچە يىل ئىچىدە 100 دېھقان ئائىلىسىگە 8000 مو ئەتراپىدىكى توغراقلىقنى شەخسىي باشقۇرۇشقا بېرىپتۇ، بەزى دېھقانلارنىڭ 500 مو ئەتراپىدا توغراقلىقى بار ئىكەن.

بىز مەخەت سەمەتنىڭ تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يول باشلىشى بىلەن بۇ كەنتنىڭ توغراق كۆچەتزارلىقىنى زىيارەت قىلدۇق.

— ۋاي-ۋۇي، نېمىدېگەن تەكشى ئۆسكەن كۆچەتلەر بۇ، — دېدۇق بىز مەيداندىكى توغراق كۆچەتلىرىگە زوقمىز كېلىپ.

— توغراقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى يولداش مەخەت سەمەت، — توغراق كۆچىتىنى يېتىشتۈرۈش بىلەن باشقا يەرگە يۆتكەپ ئۆستۈرۈش، قەلەمچە قىلىپ ئۆستۈرۈشنىمۇ چىڭ تۇتتۇق، تېخنىك خادىملارنىڭ يېتەكچىلىك قىلىشى، پېشقەدەم دېھقانلارنىڭ مەسلىھەت بېرىشى بىلەن 1984-يىلى ئەتىيازدا كەنتىمىزنىڭ 3-مەھەللىسىدە ئىككى مو يەردە توغراق قەلەمچىسى ئۆستۈرۈشنى سىناق قىلىپ، 1985-يىلىغا كەلگەندە ئۇنى 200 مو يەرگە كۆپەيتتۇق، 300 مو يەرگە توغراق كۆچىتى سالدۇق، بولارنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى 90% تىن تۆۋەن ئەمەس. سىلەر كۆرۈۋاتقان بۇ كۆچەتلەر بىزنىڭ 2 — 3 يىلدىن بۇيان يېتىشتۈرگەنلىرىمىز.

## دالىدا ئۆتكەن كۈنلەر

1958- يىل 7- ئايدا كۆك رەختتىن شىم - چاپان كىيگەن 18 ياشلار چامىسىدىكى ۋىجىككىنە كەلگەن بىر يىگىت لايىھىلەش - ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنى يۈدۈپ، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئاقساقمارال يېزىسىغا چوڭ تىپتىكى بىر ئۆستەڭنى پىلانلاش - چېپىش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلغىلى كەلدى. بۇ يىگىتنى كۆرگەن يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى: «ئېرىق - ئۆستەڭ چاپقاننى كۆرۈپ باقمىغان بۇ ياش بالىنى ئۆستەڭ پىلانلاشقا ئەۋەتكىنى نېمىسى، بۇ يىگىت ئۆستەڭ پىلانلايمەن، ئۆستەڭ چاپتۇرىمەن دەپ نۇرغۇن ئەمگەك كۈچى ۋە ئىقتىسادنى زايە قىلىۋېتىدىغان بولدى - دە» دېيىشتى ھەم ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلالماي، بىرنەچچە دېھقاننى ئۆلچەش - پىلانلاش ئەسۋابلىرىنى يۆتكىشىپ بېرىشكە ياردەملەشتۇرگەندىن باشقا، ئۇنىڭ خىزمىتىگە ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمىدى.

دېمىسىمۇ، تۇنجى قېتىم ناھىيە خاراكتېرلىك بىر ئۆستەڭنى پىلانلاش — شىنجاڭ «1- ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ سۇچىلىق فاكۇلتېتىنى ئەمدىلا پۈتكۈزگەن يولداش ئابلىز ئەمەت ئۈچۈن ئاسانغا چۈشمەيتتى. كىشىلەرنىڭ مەسخىرىسى ئابلىزنى قاتتىق بىئارام قىلدى، ئۇ بىر كېچىنى كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزۈپ، قانداق قىلىپ بۇ قۇرۇلۇشنى تەلەپكە لايىق پىلانلاپ، تۇنجى قېتىملىق ئىشتىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش توغرىسىدا باش قاتۇردى، ئەتىسىدىن باشلاپ بىر ئايغىچە ئۇ ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ بېرىلگەن ئۈچ دېھقان يىگىت بىلەن ئېتىز - ئېرىق، چۆل - سازلىق، قۇم بارخانلى-

تېپ تۇردى:

سەنمۇ جاڭگال پەرىسى توغراق،
ئۇچار قۇشقا ئاشىيان - قونداق.
ئەگەر كۆڭۈل بار دېسەك سەندە،
سېنىڭ كۆڭلۈك سۇتتىنمۇ بەك ئاق.
......
ئېگىز - ئېگىز دۆڭلەر، بارخانلار،
ماكانىڭدۇر قۇملۇق - تۇپراقلار.
قېرىساڭ گەر، كۆكلەيدۇ سانسىز،
يېڭى بوغۇن - يېشىل توغراقلار.

1987- يىل دېكابىر



كۆپ قىسىم يېزا - بازارلىرىغا سۇ تەقسىم قىلىنىدىغان «شەھەر ئۈستىگى» نىڭ بېشىدىكى تومىنى ۋەيران قىلىۋېتىپ، بۇ ناھىيىنىڭ سۇغىرىش ئىشلىرىغا تەسىر يەتكۈزگەنىدى. 1964- يىل 1- ئايدا بۇ يەرگە سېلىنىدىغان توما قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسى يەنە ئابلىز ئەمەتنىڭ ئۈستىگە يۈكلەندى. ئۇ ئىنژېنېرلار سىزىپ پۈتكۈزگەن چېرتيوژنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، خىزمەتداشلىرى بىلەن تومىنىڭ چېرتيوژى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈپ، چېرتيوژنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسىغا ھۆرمەت قىلغان ئاساستا، مۇۋاپىق بولمىغان جايلىرىنى ئۆزگەرتىپ، تولۇقلاش ئېلىپ باردى. شۇنداق قىلىپ، توما قۇرۇلۇشىغا قاتناشقان خادىملار بىلەن بىرلىكتە مۇرىنى - مۈرىگە تىرەپ ئىشلەپ 80 كۇب مېتىر سېكۇنت سۇ ئۆتكۈزۈلىدىغان، 200 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىنغان بۇ تومىنى ئۆلچەملىك ياساپ پۈتكۈزدى، قۇرۇلۇش قىلىنغان 210 كۈن ئىچىدە ئىش مەيداندىن بىر كۈنمۇ ئايرىلماي ئەمگەك، ماتېرىيال ئىسراپچىلىقى ۋە باشقا خاتالىقلار كېلىپ چىقىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، قۇرۇلۇشنى پىلاندىكى ئۆلچەمگە لايىق پۈتكۈزگەنلىكتىن، ئەسلىدە ئىشلىتىش 10 يىل پىلانلانغان بۇ قۇرۇلۇش ھازىرغىچە بولغان 23 يىل مابەينىدە مۇنتىزىم ئىشلىتىلمەكتە. 1974- يىلى كۈزدە سوغۇچاق سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى باشلانغاندا تەشكىل ئۇنى ئامبارنىڭ دامبا قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل قىلدى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ھۆددىسىدىن چىقىش قىيىن ۋەزىپە ئىدى. لېكىن، ئابلىز ئەمەت 1979- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان 1500 كۈندىن ئارتۇق ۋاقىتنى ناھىيە مەركىزىدىن 200 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بۇ چۆللۈكتە ئۆتكۈزدى. ئائىلىسىنىڭ تۇيۇقسىز كېسەل بولۇپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان بولسىمۇ، قۇرۇلۇشنىڭ جىددىيلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، شۇ قېتىملىق قۇرۇلۇش ئاخىرلاشقانغا قەدەر ئىش ئورنىدىن ئايرىلمىدى، يېرىم ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندە، ئۇ ئائىلىسىگە بېرىپ ئايالىنىڭ بويىدىن ئاجراپ قانسىراپ بالنىېستتا داۋالىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئايالىنى تېزدىن داۋالىتىپ، كېسىلى ساقايغان ھامان يەنە ئىش ئورنىغا قايتىپ كەتتى. 1984- يىلى يازدا تەشكىل ئۇنىڭغا

رىنى كېزىپ، قەيەردە كەچ بولسا شۇ يەرنى قونالغۇ قىلىپ، ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق قاتارلىق قىيىنچىلىقلارغا پىسەنت قىلماي، ئاخىر ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 37 كىلومېتىر كېلىدىغان 15 كۇب مېتىر سېكۇنت سۇ سىغىمچانلىقىغا ئىگە بۇ ئۆستەڭنى مۇۋەپپەقىيەتلىك پىلانلاپ، ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتىر ئىدارىسىدىكى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالىدىغان مەسئۇل يولداشلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەمگەك كۈچلىرى سەپەرۋەر قىلىنىپ، ئىككى ئايدىلا بۇ ئۆستەڭ چېپىپ پۈتكۈزۈلدى.

نەتىجە — چىدام، غەيرەت، تىرىشچانلىق ۋە ئىزدىنىشتىن كېلىدۇ. ئابلىز ئەمەت ئاز - تولا جاپا چەكسىمۇ، مەسخىرىگە ئۇچرىسىمۇ، لېكىن تۈنجى قەدەمنى پۇختا بېسىپ يۇقىرىنىڭ ماختىشى، ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ، يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. يېزىلاردىكى سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى ئېتىز - ئېرىق، يول قۇرۇلۇشى بولغاچقا، ئۇ بۇ جەھەتتىكى نەزەرىيە ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشنى كۆپلەپ مەشىق قىلدى. ئۇ تۆت يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ۋىلايەتلىك سۇ ئىدارىسىنىڭ كادىرى ھېسابىدا مارالبېشىدا تۇرۇپ، بۇ ناھىيىدىكى ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ، چوڭقۇرچاق، سېرىقبۇيا، ئاقساقمارال ۋە چارباغ قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ غوللۇق ئۆستەڭلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك پىلانلىدى ھەمدە چېپىپ پۈتكۈزۈشكە يېتەكچىلىك قىلىشنى ئۈستىگە ئېلىپ، ۋەزىپىنى غەلىبىلىك ئورۇندىدى. 1962- يىلىنىڭ ئاخىرىدا ۋىلايەتلىك سۇ ئىدارىسى ئۇنىڭ خىزمىتىنى مارالبېشى ناھىيىلىك سۇ ئىدارىسىگە يۆتكىدى. ئابلىز ئەمەت يۇرتى — كونىشەھەر ناھىيىسى ۋە ئۇرۇق- تۇغقان، دوست- بۇرادەرلىرىدىن ئايرىلىپ، تەشكىلنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنۇپ، يېڭىۋاشتىن روھلىنىپ جەڭگە ئاتلاندى. ئۇ بۇ يەرگە يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن ۋەزىپىسى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى، ئىش تۈرىمۇ كۆپىيىپ كەسپىگە يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلدى.

1963- يىلى يازدا كەلگەن كەلكۈن مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ

«غايىگە يەتكەن هامان ئىنسان ئۆزىنى بەختكە ئېرىشكەن ھېساب-
لايدۇ. لېكىن، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇشتىن ئىبارەت غايەم
تېخى ئەمەلگە ئاشمىدى، مەن بۇ غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن
بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلىمەن.» مانا بۇ — ئاددىي كىشىلەر ئارىسىدا
ئارمانسىز هايات كەچۈرۈۋاتقان بىر جەڭچىنىڭ قەسىمى.

1987- يىل دېكابىر

ئىلگىرى چىقىلىپ، قوم ـ بوراندا كۆمۈلۈپ كەتكەن 80 نەچچە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى سوغۇچاق ئۆستىڭىنى پىلانلاش ـ چاپتۇ- رۇشنى تاپشۇردى. ئابلىز ئەمەت ئۆستەڭنى بىر يېرىم ئاي ۋاقىت ئىچىدە پىلانلاپ، ئارقىدىن ئىككى ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ چىقىپ پۈتكۈزۈپ، ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ، چوڭقۇرچاق قاتارلىق يېزىلارنىڭ 100 مىڭ مودىن كۆپرەك تېرىلغۇ يېرىنىڭ سۇغىرىلىشىنى كاپالەت- لەندۈردى، ئارقىدىنلا ئۇ، ناھىيە پىلانلىغان نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلار- نىڭ بىرى «سورۇنكۆل» سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىنىڭ تېخنىكلىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ، بۇ ۋەزىپىنى بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە تەلەپكە لايىق ئورۇنداپ تۈگەتتى.

«بىر دەملىك قىزغىنلىق كىشى ھاياتىغا يېڭى مەنە بېغىشلىيال- مايدۇ، ھاياتنىڭ مەنىسىنى پەقەت ئۇزاق يىل تىرىشىپ كۈرەش قىلغاندىلا، ئاندىن تاپقىلى بولىدۇ. مەن بۇ زېمىندا شۇنداق جاپالىق ئىزدىنىپ ھاياتىمغا يېڭى مەنە تاپىمەن.» ئابلىز ئەمەت ئېغىزدا دېگەن بۇ سۆزنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ھاياتىغا يېڭى مەزمۇن قوشتى. 1958- يىلىدىن بۇيان ناھىيە، يېزا (بازار)، باشقۇرۇش رايونى، كەنت دەرىجىلىك 1500 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى 140نەچچە چوڭ- كىچىك ئېرىق ـ ئۆستەڭ، 350 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى چوڭ ـ كىچىك يولنى تېخنىكىلىق ئۆلچەم بويىچە پىلانلاپ پۈتكۈزدى؛ ئىككى سۇ ئامبىرىنىڭ 100 نەچچە كىلومېتىرلىق دامبا قۇرۇلۇشىنى پىلانلا- پ ئۆلچەملىك ياساتتى؛ 600 مىڭ مو تېرىلغۇ يەرنىڭ 200 مىڭ موسىنى سالالاشتۇرۇش پىلانىنى تۈزۈپ سالا ئېتىزلارغا ئايرىدى.

كومپارتىيە ئەزاسى ئابلىز ئەمەت بۇ نەتىجىلىرى بىلەن ئىلغار خىزمەتچى، ئۈلگىلىك لايىھىلەش خادىمى بولۇپ باھالىنىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىككى قېتىم، ۋىلايەت، ناھىيىدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماق- لارنىڭ 40 نەچچە قېتىم مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى ھەمدە كەسپىي جەھەتتىكى ئىزدىنىشلىرىنىڭ مېۋىسىنى كۆرۈپ ئىنژېنېرلىق ئۇنۋا- نىغا ئېرىشىپ، ناھىيىلىك شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇش ئىدارىسى پى- لانلاش ئەترىتىنىڭ باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلدى.

شارائىتى ياخشى، چارۋىنى قانچە كۆپ باقساق ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ. دەرەخ ئۆستۈرۈشتىمۇ ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە. شۇڭا، بۇ ئىككى كەسىپنى چىڭ تۇتۇپ كەلدىم،— دەپ جاۋاب بەردى ئۇ. بىز داستىخانغا تىزىلغان قاتلىما نان، قوغۇن-تاۋۇزغا ئېغىز تەگكەچ سۆھبىتىمىزنى باشلىدۇق.

ئىبراھىم قۇدرەت ئائىلىسىدە توققۇز نوپۇس، ئۈچ ئەمگەك كۈچى بولۇپ ئەسلىدە ئىقتىسادىي ئەھۋالى ناچار ئىكەن. 1981-يىلى يەرلەر ئائىلىلەرگە كۆتۈرە بېرىلگەندە ئۇنىڭ ئائىلىسى 70 مو يەرنى كۆتۈرە ئاپتۇ. لېكىن، ئۇ پەقەت مۇشۇ 70 مو يەرگىلا تايىنىپ تېز بېيىغىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەر تېرىشتا ئوغۇتتىن قىيىنىلىپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق قاتارلىق كەسىپلەرنىمۇ يولغا قويماقچى بوپتۇ. لېكىن، مەبلەغ جەھەتتە قىيىنچىلىققا ئۇچراپتۇ. شۇڭا ئۇ، ئائىلىسىدىكىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ جاڭگالدىن كۆپلەپ ئوت-چۆپ، كۆكيانتاق توشۇپ كېلىپ چىرىندى ئوغۇت ياساپ، ئوغۇت مەنبەسىنى كۆپەيتىپ، يەرنىڭ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇپ، ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تىرىشىپتۇ. ئاشلىقنى كۆپەيتكەندىن كېيىن، دۆلەتكە ئاشلىق سېتىپ بېرىپ ئازتولا پۇل كىرىم قىپتۇ، كېيىن بانكىدىن بىر ئاز پۇل قەرز ئېلىپ ئاشلىق ساتقان پۇلىغا قوشۇپ دەسلەپتە بىر تۇياق ئىنەك، بىرنەچچە تۇياق ساغلىق سېتىۋاپتۇ، بىر قولىدا دېھقانچىلىقنى، بىر قولىدا چارۋىچىلىقنى تۇتۇپ، ھەر ئىككىسىنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق ئائىلە كىرىمىنى يىلمۇيىل ئاشۇرۇپتۇ، پۇل كۆپەيگەنسېرى، ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يەنە مەبلەغ سېلىپ كۆچەتخانا بەرپا قىلىپ، ئورمانچىلىقنىمۇ بىرگە تۇتۇپ مېڭىپتۇ. ئۇنىڭ ئائىلىسى بىرنەچچە يىل ئىچىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق بىرگەۋدىلەشكەن ھاللىق ئائىلىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئاپتۇ.

— باشقىنى قويۇپ بۇ يىلقىنىلا سۆزلىسەم،— دېدى ئۇ،— 40 مو يەرگە بۇغداي تېرىغانىدىم، 30 مىڭ جىڭغا يېقىن بۇغداي ئالدىم،

# «شەيتانكۆل» دىكى يېڭى باي

1987- يىل 10- ئاينىڭ باشلىرى بىز مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ چارباغ يېزىسىدا بولغان كۈنلەردە، يېزىدىكى مەسئۇل يولداشلارنىڭ دالالىتى بىلەن بۇ يېزىنىڭ «شەيتانكۆل» چۆللۈكىگە جايلاشقان يېزىلىق باغۋەنچىلىك مەيدانىدىكى ئىبراھىم قۇدرەت ئائىلىسىنى زىيارەت قىلدۇق.

بىز تۆت ئەتراپى جىگدە دەرەخلىرى بىلەن قاپلانغان مەھەللىگە كېلىپ، 40 ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى پاكار بوي، ئاق سېرىق كەلگەن ئىبراھىم قۇدرەت بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن، ئۇ بىزنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى.

ھەيھات! ھويلىسىدىكى مال - مۈلۈكتىنلا ئۇنىڭ «تولغان باي» ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ھويلىنىڭ باغ تېمىغا پاراللېل توختىتىپ قويۇلغان تراكتور، سېيالكا، ئۈستى ئوچۇق ئېغىلدا كۆشەپ ياتقان تامدەك ئىنەكلەر، يەم - بوغۇز يەۋاتقان بورداق قويلار، ھويلىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى چوڭ بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۇن تارتىش ماشىنىسى، ئۆگزە ۋە باغنىڭ ئارقا تېمىغا يانداپ بېسۋەتكەن ئاسمان - پەلەك قۇرۇتۇلغان بېدە، ئوت - چۆپلەر، پېشايۋاندىكى سانسىزلىغان كۆك كەپتەر، سىمدا توقۇلغان كاتەكلەردىكى «لەيخاڭ» توخۇلار.

بىز ئۆيگە كىرىپ ھال - ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن مەقسىتىمىزنى ئېيتقاندۇق، ئۇ:

— بىز تۇرغان بۇ «شەيتانكۆل» چۆللۈكىنىڭ ئوت - چۆپ

تراكتور، بىر دانە سېيالكا، بىر ئۈن تارتىش ماشىنىسى، 700 دىن
ئارتۇق كەپتەر، 100 گە يېقىن توخۇ قاتارلىقلار بار ئىكەن. ئۇ
بېيىغاندا باشقىلارنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويماپتۇ. يېقىنقى بىرنەچچە
يىل ئىچىدە ئۆز يۇرتىدىكى قىيىنچىلىقى بار، ئىگە ـ چاقىسى يوق
ئەمەت ھىدايەت، تۇرسۇن ھوشۇر، ئابلىز خېتىپ قاتارلىقلارغا 2000
جىڭ ئاشلىقنى ھەقسىز بەرگەندىن تاشقىرى، يەنە 3000 يۈەن قىممە-
تىدە قوي، كىيىم ـ كېچەك، ئوتۇن قاتارلىقلارنى ياردەم قىپتۇ.
باغۋەنچىلىك باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتۇش سايمانلىرىنى سېتىۋې-
لىشىغا 1000 يۈەن پۇل ياردەم قىپتۇ. خەنزۇلار جايلاشقان قوشنا
15- كەنت دېھقانلىرىنىڭ 500 مو بۇغداي يېرىنى ئۆزىنىڭ تراكتورى
بىلەن ھەقسىز ھەيدەپ تېرىپ بېرىپتۇ. ئۇنىڭ ئائىلىسى يېزا، ناھىيە
ۋە ۋىلايەت تەرىپىدىن ئاشلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق ئىشلەپچى-
قىرىشىدا ئىلغار ئائىلە بولۇپ باھالىنىپ، 5 — 6 قېتىم مۇكاپاتلى-
نىپتۇ.

1987- يىل دېكابىر

بۇنىڭدىن دۆلەتكە 17 مىڭ جىڭنى سېتىپ بېرىپ، 4250 يۈەن كىرىم قىلدىم، سەككىز مو يەرگە يازلىق قوغۇن تېرىپ 2000 يۈەنگە ساتتىم، 25 مو يەرگە تېرىغان كېۋىزىمدىن ھازىرغىچە 3000 يۈەنلىك سېتىلدى، يەنە 3000 يۈەنگە كېۋەز ساتالايمەن، 15 مو يەرگە ئېگىز قونىقى تېرىدىم، ئۇنىڭدىنمۇ ئاز دېگەندە 15 مىڭ جىڭ ھوسۇل ئالىمەن، 20 مو يەردىكى بېدەمدىن 10 مىڭ باغ بېدە قۇرۇتۇۋالدىم، 16 ئورىغا 82 توننا سىلوس بېسىۋالدىم، 10 مىڭ باغدىن ئارتۇق پىچان قۇرۇتتۇم، ئۈن تارتىش ماشىنىسىدىن 1000 يۈەن، تراكتورىمدىن 3500 يۈەن كىرىم قىلدىم، كالا، قوي، يۇڭ، تىۋىت، تېرە سېتىپ 7500 يۈەن كىرىم قىپتىمەن، ھەممىنى قوشقاندا ئائىلەمنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 30 نەچچە مىڭ يۈەنگە يېتىپتۇ.

سۆھبىتىمىز مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇ بىزنى ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى ئورمانزارلىقنى كۆرۈپ بېقىشقا تەكلىپ قىلدى، بىز ئۇنىڭ بېغى ئارقىلىق ئورمانزارلىققا چىقتۇق. 5 — 6 مو كۆلەمدە ئۆستۈرۈلگەن ئادەم بىلىكىدەك چوڭلۇقتىكى تۈپتۈز يوغىنىغان سۆۋادان تېرەكلەر كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرەتتى.

— ئىبراھىم قۇدرەت، — دېدى بىز بىلەن ھەمراھ بولۇپ كەلگەن ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش ھەسەن سايىت، — ناھىيىمىزدىكى ئاشلىق، چارۋا ئىشلەپچىقىرىش كەسپىي ئائىلىلىرىنىڭ ئۈلگىسى بولۇپلا قالماي، ئورمانچىلىق كەسپىي ئائىلىلىرىنىڭمۇ ئۈلگىسى.

— شارائىت يار بەرگەنىكەن، بۇنىمۇ تۇتماي بولمايدۇ، سىلى كۆرگەن بۇ تېرەكلەرنى 2 — 3 يىلدىن بۇيان يېتىشتۇردۇم. سانى 5000 تۈپتىن ئاشىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا 25 مىڭ تۈپ قەلەمچە ئورمىنىم بار، 15 مو يەردە باغ، 15 مو يەردە قوش قەۋەت يايلاق بەرپا قىلدىم، — دېدى ئىبراھىم قۇدرەت.

ئۇقۇشىمىزچە ئۇنىڭ ئائىلىسىدە ھازىر 10 مىڭ جىڭغا يېقىن كونا - يېڭى بۇغداي، 110 تۇياق ئۇششاق چارۋا، ئالتە تۇياق ئەلا نەسىللىك ئىنەك، بىر تۇياق ئات، 15 ئات كۈچىگە ئىگە بىر دانە

ئۇنىڭ سىنىپىدا تۇراق مامۇت ئىسىملىك بىر ئوقۇغۇچى بولۇپ، باش تەمرەتكىسى كېسەللىكى بار ئىدى. پاشا قۇربان يەرلىك ئۇسۇل بىلەن داۋالاش ئېلىپ بېرىپ ئىككى يىلدىلا ئۇنىڭ كېسىلىنى ساقايتتى. تۇراق مامۇتنىڭ ئائىلىسىدىكى قىيىنچىلىقنى كۆزدە تۇتۇپ، بەش يىلغىچە كىيىم - كېچەكلىرىدىن خەۋەر ئېلىپ، خاتىرجەم ئوقۇش شارائىتىغا ئىگە قىلدى. بۇلا ئەمەس، ئۇ يەنە شاقۇ ئورمانچىلىق مەيدانىدا ئىشلەش جەريانىدا، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 15 ئوقۇغۇچىنىڭ قىشلىق ۋە يازلىق كىيىم - كېچەكنى بىرنەچچە يىلغىچە ئۆزى ئېتىپ بەردى، 20 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنىڭ باش تەمرەتكىسى قاتارلىق كېسەللىكىنى داۋالاپ ساقايتتى ھەم ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشىنى چىڭ تۇتتى. نەتىجىدە ئۇ باشقۇرغان ئۈچ قارار سىنىپنىڭ ھەر قارارلىق تۇراقلىشىش نىسبىتى %98 تىن چۈشۈپ كەتمىدى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس ئۆزلەشتۈرۈش نىسبىتى %95 كە، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %110 كە يېتىپ، ئۇدا ئىلغار سىنىپ بولۇپ باھالاندى، پاشا قۇرباننىڭ ئۆزىمۇ ھەر يىلى ئىلغار سىنىپ مۇدىرى دېگەن ياخشى باھاغا ئېرىشتى.

تەشكىل پاشا قۇرباننىڭ باشقۇرۇش ۋە يېتەكلەش جەھەتتىكى ئىقتىدارىنى كۆزدە تۇتۇپ، 1972- يىلى ئۇنى ئاقساقمارال يېزا بازار مەركىزي باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇدىرلىقىغا ئۆستۈردى. ئۇ مۇدىر بولغان 14 يىلدىن بۇيان ھەپتىدە ئۈچ سائەت ئىدىيە - ئەخلاق دەرسى ئۆتۈش ۋە ئىككى سائەت دەرس ئاڭلاشنى داۋاملاشتۇردى؛ تەلىم - تەربىيە مەزمۇنى ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى جەھەتلەردە دادىل ئىزدىنىپ، ئوقۇتقۇچىلارنى تەشكىللەش ۋە يېتەكلەشكە ماھىر بولدى؛ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پىكىر - تەلەپلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلدى، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى ياخشىلىدى. شۇڭا، بۇ مەكتەپ ناھىيە ۋە يېزا بويىچە ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا ئىلغار مەكتەپ بولۇپ باھالاندى.

پاشا قۇربان يۇقىرىقىدەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكتىن، كۆپ قېتىم ئىلغار سىنىپ مۇدىرى، ئىلغار خىزمەتچى، ئىلغار

# ماھىر يېتەكچى، مېھرىبان ئۇستاز

«كېلەچەكنىڭ غۇنچىلىرىنى يارامىلىق ئىختىساس ئىگىلىرىدىن قىلىپ يېتىشتۇرۇش يولىدا پۈتۈن زېھنىنى كۈچۈمىنى سەرپ قىلىمەن.» بۇ، مارالبېشى ناھىيە ئاقساقمارال يېزا ـ بازار مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇدىرى پاشا قۇرباننىڭ قەلب سۆزى. ئۇ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان 31 يىلدىن بۇيان ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئەقىدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا تىرىشىپ ئىشلىدى. بىز ئۇنىڭ ھايات مۇساپىسىدىكى بىرنەچچە قەدىمىگىلا نەزەر سېلىپ باقايلى.

پاشا قۇربان 1956ـ يىلى قەشقەر پېداگوگىكا مەكتىپىنى پۈتكۈزۈپ پەيزاۋاتتا ئىككى يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلغاندىن كېيىن، خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ شاقۇ ئورمانچىلىق مەيدانىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە يۆتكەلگەندى. بۇ مەكتەپ ناھىيە بازىرىدىن 100 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايلاشقان بولۇپ، ئوقۇتۇش شارائىتى ناچار ئىدى. پاشا قۇربان ئەنە شۇنداق جاپالىق مۇھىتتا 14 يىل سىنىپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەش جەريانىدا، بىر تەرەپتىن ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ تىرىشىپ كەسپىي ئىقتىدارىنى ئۆستۈرسە؛ يەنە بىر تەرەپتىن بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلارغا دەرس ئۆتۈپ بېرىپ ئۇلارنىڭ بىلىم سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بەردى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىغا قايتا ـ قايتا ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەپ، بالىلارنىڭ مەكتەپكە تولۇق كېلىشىگە ئىمكانىيەت ياراتتى. ئوقۇغۇچىلارنى تۈرلۈك كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە تەشكىللەپ مەكتەپكە كېلىش قىزغىنلىقىنى، ئۆگىنىشكە بولغان ھەۋىسىنى قوزغىدى.

# «تىللا» يىغىۋاتقان تىللاخان

1987- يىل 10- ئاينىڭ ئاخىرلىرى مارالبېشى ناھىيە چوڭقۇر-چاق يېزا 14- كەنتتىكى كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ بېيىغان ئائىلە — تىللاخاننىڭ ئائىلىسىنى زىيارەت قىلدۇق.

— يېتىپ كەلدۇق، يول بويىدىكى ئۆي شۇ،— دېدى بىزنى باشلاپ كەلگەن ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇ-جىسى يولداش تۇرسۇن ساۋۇت سېرىقبۇيا - چوڭقۇرچاق تاشيولىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە جايلاشقان، ئەتراپلىرى ھەرخىل دەرەخلەر بىلەن قاپلان-غان بىر ھويلىنى كۆرسىتىپ.

— ئىشىككە قۇلۇپ سېلىقلىق تۇرىدۇ، ساھىبخان يوق ئوخشى-مامدۇ؟— سورىدۇق بىز يولداش تۇرسۇن ساۋۇتتىن.

— بۇ تىللاخاننىڭ توخۇچىلىق فېرمىسى، ئۆزىنىڭ ئۆيى ئەنە ئاۋۇ يەردە،— دېدى ئۇ قولى بىلەن فېرمىنىڭ يان تەرىپىدىكى بىر ھويلىنى كۆرسىتىپ،— ئاۋۇ كېلىۋاتقان ئادەم ئۇنىڭ يولدىشى مە-خەت ئەكرەم بولىدۇ.

بىز تەرەپكە خۇش چىراي، ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشى كېلىۋاتات-تى، بىز ئۇنىڭ بىلەن ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن، مەقسىتىمىزنى ئېيتتۇق. ئۇ بىزنى ئالدى بىلەن توخۇ فېرمىسىغا باشلىدى. بىز فېرما ھويلىسىغا كىرگىنىمىزدە توخۇلار دانلىشىپ يۈرگەنىكەن.

— تىللاخاننىڭ «تىللا» يىغىدىغان مەيدانى مۇشۇ ئىكەن - دە! ئۆزى كۆرۈنمەيدىغۇ؟— چاقچاق قىلدۇق مەخەت ئەكرەمگە.

— ئۇ ئالدىڭلاردا «تىللا» لارنى يىغىپ چىقىپ كەتكەن، بۇ

مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ باھالىنىپ، ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا تەرىپىدىن مۇكاپاتلاندى. ئۇ 1987- يىل 4- ئايدا پارتىيە ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى.

1987- يىل دېكابىر



پىيما ئېتىپ سېتىش ھۈنىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ چاغلاردا «سول» لۇشيەنىنىڭ تەسىرى بىلەن بۇ ھۈنىرىنى داۋاملاشتۇرالمايتتى. پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئۇلار ھۆددىگە ئالغان يەرلەرنى ياخشى باشقۇرۇپ، مول ھوسۇلنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن بىرۋاقىتتا، ئائىلە ئىگىلىكىنى كۈللەندۈرۈشكە كىرىشىپتۇ. 1984- يىلىغا كەلگەندە دەرەخ، كېۋەز ۋە چارۋا مال قاتارلىقلارنى سېتىپ 4000 يۈەن كىرىم قىپتۇ. بۇ پۇلنىڭ بىر قىسمىغا ياغ تارتىش ماشىنىسى سېتىۋېلىپ كەنت ۋە ئەتراپتىكى دېھقانلارنىڭ ياغلىق دانلىرىنى ياغ قىلىپ بېرىپ، 5200 يۈەن كىرىم قىلىپ بۇ پۇلغا 1985- يىلى ئۇن تارتىش ماشىنىسىدىن بىرنى سېتىۋېلىپ يىللىق كىرىمنى 4100 يۈەنگە يەتكۈزۈپتۇ. دېھقانچىلىق ۋە باشقا كەسىپلەردىن قىلغان كىرىمىمۇ 2650 يۈەنگە يېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئومۇمىي كىرىمنى 6750 يۈەنگە يەتكۈزۈپتۇ. 1986- يىلىغا كەلگەندە، بۇ ئائىلىنىڭ دېھقانچىلىق ۋە باشقا كەسىپلەردىن قىلغان ئومۇمىي كىرىمى 14 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپتۇ، 1987- يىلى بۇرۇنقى كەسىپكە يەنە ئۆرۈك ئېلىپ، گۆلە قۇرۇتۇپ سېتىشنى قوشۇپ كىرىمنى 20 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپتۇ، ئۇلار 1987- يىل- 8- ئايدا 20 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئۈزۈم ئېلىپ قۇرۇتۇپ، 20 توننىغا يېقىن يىمىش تەييارلاپتۇ.

— سىلەرنىڭ ئەمگەك كۈچۈڭلار شۇنچىۋالا ئىشقا يېتىشتەمۇ؟— سورىدۇق بىز تىللاخاننىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

— ئائىلىمىزدە ئاساسلىق ئىشنى ئەر - ئايال ئىككىمىزلا ئىشلەيمىز، يولدىشىم سىرتنىڭ ئىش - كۈشلىرىنى، مەن بولسام ئائىلىمىزگە ياللىۋالغان ئىككى شاگىرت ئىشچى بىلەن توخۇ بېقىش، ئۇن، ياغ تارتىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىمەن.

— تىللاخان يۇقىرىدىكى ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىققاندىن باشقا، ئۈچ مو يەردىكى بېلىق كۆلىنىمۇ باشقۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ،— دېدى تولۇقلاپ بىزگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى يولداش تۇنىسا مۇھەممەت.

چاغقۇچە سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا قويىدىغان «تىللا» لارنى تەييارلاپ بولـ.
غاندۇ،— جاۋاب بەردى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

قويۇق، ئەمما رەتلىك سېلىنغان دەرەخلەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاچ مەخەت ئەكرەم بىلەن پاراڭلاشتۇق:

— فېرمىنى قاچان قۇرغان ئىدىڭلار؟

— 1986- يىلى ئايالىم تىللاخاننىڭ تەكلىپى بىلەن 2000 يۈەن مەبلەغ سېلىپ 1000 دانە چۈجە ۋە باشقا لازىمەتلىكلەرنى سېتىۋېلىپ ئىش باشلىغانىدۇق، بۇنىڭدىن 580 نى ئەي قىلدۇق، خورازلىرىنى سېتىپ 1440 يۈەن كىرىم قىلدۇق، قالغىنى بايا سىلەر كۆرگەن توخۇلار شۇ.

— ئاران 580 نى ئەي قىلدىڭلارمۇ؟ قالغانلىرىچۇ؟

— دەسلەپتە توخۇ بېقىش تەجرىبىمىز كەم بولغاچقا، سوغۇقتا توڭدۇرۇپ قويۇپتىمىز، بىر قىسمى چىقىم بولۇپ كەتتى. كېيىن ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، ئۆي ئىچىگە مەش قويۇپ، تېمپېراتۇرىنى تەڭ-شىگەندىن باشقا، ئۈچ قېتىم چۈجىلەرگە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئې-لىش ۋاكسىنىسى سالدۇردۇق، يېمىنى ئۆزگەرتتۇق، تىللاخاننىڭ ئاسراپ بېقىشى نەتىجىسىدە قالغانلىرى ئەي بولدى، ھازىر بېقىلىۋات-قىنى 300 گە يېتىدۇ.

بىز سۆھبىتىمىزنى داۋاملاشتۇرغاچ پېشايۋانلىق يېڭى ھويلىغا كىردۇق. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى گۈلزارلىققا تېرىلغان ھەرخىل گۈللەر چاقناپ تۇرغان كەلگەن بۇ ھويلىغا تېخىمۇ گۈزەللىك بېغىشلىغانىدى.

— قېنى مېھمانلار، ئۆيگە كىرىشسىلە! —

بىزنىڭ ئالدىمىزغا چىققان تىللاخان خۇش چىراي ھالدا بىزنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. بىز مېھمانخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ سۆھبىتى-مىزنى داۋاملاشتۇردۇق.

تىللاخان 1972- يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ ئائىلىسىگە قايتقان ياش بولۇپ، مەخەت ئەكرەم بىلەن توي قىلغان چاغدا ئائىلىسى تولىمۇ نامرات ئىكەن. مەخەت ئەكرەمنىڭ كىگىز،

# ئالتۇن كۆزدە يۇرت ئارىلاپ...

(چاتما زىيارەت خاتىرىسى)

## «چارۋا بېقىپ، ياغ چايناۋاتقانلار» نىڭ تەرىپلىرى (1)

ئۈچ يىل ئىچىدە بازارنى 60 نەچچە توننا گۆش بىلەن تەمىنلەپ، 1 مىليون يۈەنگە يېقىن كىرىم قىلغان بۇ ماھىر بورداقچى دېھقاننى بىز ئېغىل - قوتاندىن — قوي، كالىلارغا يەم - بوغۇز بېرىۋاتقان يېرىدىن تاپتۇق.

— مامۇت ئاخۇن ئىچىدىغان چېيى، يەيدىغان تامىقىنى ئۇنتۇپ قالسا قالىدۇكى، ئۆزى بورداۋاتقان كالا، قويلارنىڭ يەم - بوغۇزىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، — دېدى بىزنى باشلاپ كەلگەن كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى مۇھەممەتئىمىن يۇسۇپ، — چارۋا دېسە جېنىنى بېرىدىغان ئادەم جۇمۇ بۇ.

ئوتتۇرا بوي، دىقماقتىنە كەلگەن دېھقان بورداقچى ئوقۇرغا يەم-بوغۇز تۆكۈۋاتقان كۆرىكىنى يەردە قويدى - دە، بىز بىلەن كۆرۈشتى ۋە كېلىش مەقسىتىمىزنى ئۇققاندىن كېيىن، مۇنداق دېدى:

— ئاز - تولا مىدىرلاپ تۇردۇم، يازغۇدەك چوڭ ئىشلارنى قىلالمىغان بولسامۇ، قوي، كالا بورداپ بازارغا يۈزلىنىۋاتىمەن، ئېغىل - قوتانلىرىمنى ئايلىنىپ بېقىشسىلا قانداق؟

ئالدى تەرىپى كۈنچىقىشقا قارىتىپ سېلىنغان، كۆلىمى تەخمى-

— ھوي، تېخى بېلىقمۇ باقامسىلەر؟— سورىدۇق بىز تىللاخاندىن.

— شۇنداق، ئۆينىڭ ئارقىسىدا ئورنى ئۈچ مو كېلىدىغان ئىككى بېلىق كۆلىمىز بار، ئۇنىڭغا 12 مىڭ دانە بېلىجان سالغانىدۇق، ھازىر كۆلدىكى بېلىقلارنىڭ چوڭى 2 — 5 كىلوگىرامغىچە كېلىدۇ. بېلىقلارنى يىل ئاخىرىدا ساتماقچى.

— پاھ! قالتىس گەپقۇ بۇ، ئۇنداقتا بۇ يىللىق ئومۇمىي كىرىمىڭلار كۆپ ئاشىدىكەن - دە!

— ئۇنچە ئەمەس، مېنىڭچە 30 مىڭ يۈەنگە يېتەرمىكىن.

تىللاخان يۇقىرىقىدەك نەتىجىلىرى بىلەن «تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ئۈلگىسى»، «8- مارت قىزىل بايراقدارى»، «بەشتە ياخشى ئائىلە باشلىقى» بولۇپ باھالىنىپ ۋىلايەت، ناھىيە ۋە يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن كۆپ قېتىم مۇكاپاتلىنىپتۇ.

(ئابدۇللا ئابدۇرېشىت بىلەن بىرلىشىپ يازغان)

1988- يىل يانۋار

چوڭ غەيرەتكە كەلمىگەن بولاتتى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھەر يىلى 600 تۇياقتىن 800 تۇياققىچە قوي، كالا بورداپ كېلىۋاتىمەن، يىلىغا ئاز دېگەندە بازارنى 20 توننىدىن كۆپرەك گۆش بىلەن تەمىنلەيمەن. مۇناسىۋەتلىك تارماقلارمۇ مېنى ھەر جەھەتتە قوللاپ، تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز پۇل بەردى. يەر، سۇ، توك، يەم - بوغۇز بىلەن تەمىنلەش ئىشلىرىدا ئېتىبار بەردى. يېزا، كەنت رەھبەرلىكىنىڭ قوللىشى بىلەن، بۇرۇنقى 207 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئېغىل - قوتاننى 527 كۋادرات مېتىرغا كېڭەيتىۋالدىم. يىلىغا بورداقچىلىقتىن قىلىدىغان ساپ كىرىمىم 30 مىڭ يۈەنگە يېقىنلىشىدۇ. بۇلتۇر40 يۈەن سەرپ قىلىپ ئىككى ئوغلۇمغا ئىككى يۇرۇشلۇق قورۇ - جاي سېلىپ بەردىم. 30مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ قول تراكتورى، سېپالكا، موتسىكلىت قاتارلىقلارنى سېتىۋالدىم. 20 — 30 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ، ئېغىل - قوتانلارنى يېڭىلىۋالدىم. ئائىلەمنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشىلاندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يېتىم - يېسىر، تۇل، نامراتلارنى ئۇنتۇپ قالمىدىم، ھەر يىلى ئۇلارغا 3000 — 4000 يۈەن ياردەم قىلىۋاتىمەن. ھازىر مېنىڭ 70 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا ئايلانما مەبلىغىم بار، يىلىغا بورداپدىغان قوي، كالىنى 1000 تۇياقتىن ئاشۇرۇپ، بازارنى تەمىنلەيدىغان تاۋار گۆشنى 30 توننىغا يەتكۈزسەم دەيمەن.

ئاخىرىدا مۇھەممەتئىمىن يۈسۈپ ماۋۇلارنى دېدى: مامۇت توختى ئىلمىي ئۇسۇلدا چارۋا بورداشقا تولىمۇ ئەھمىيەت بەردى، ئېغىل-قوتانلارنى ۋاقتىدا دېزىنفېكسىيە قىلىپ، كۆيدۈرگە، چېچەك كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋاكسىنىسى سالدۇرۇشنى ھەرگىز ئېسىدىن چىقارمىدى، چارۋا مال دوختۇرلىرى، تېخنىكلار بىلەن دوستلۇق ئورنىتىپ، بوردىغان ماللىرىنى دورىسىز قويمىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ بوردىغان چارۋا ماللىرى ئىچىدە زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىغىنى يوق دېيەرلىك. مامۇت توختىنىڭ مال بورداشتىكى تەجرىبىسى كۆپ قېتىم مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى. ئۇ ئۆزىمۇ كۆپ قېتىم مۇناسىۋەتلىك تارماقلار تەرىپىدىن ئىلغار چارۋىچىلىق

نەن 400 كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا كېلىدىغان بۇ قوتاننىڭ ئۈستى كالتە ـ كالتە جەگە ياغاچ، تاق ۋاسا بىلەن يېپىلغان بولۇپ يازدا سالقىن، قىشتا ئىسسىق ئىدى، قوتاننىڭ ئوقۇر بىلەن تۇتاشقان تېمى ياغاچ رىشاتكىلار بىلەن قوپۇرۇلغانىدى، قوتان تاملىرى سۇتتەك ئاقارتىلغان، يەم ـ بوغۇز تۆكىدىغان ئوقۇرلار پىششىق خىشتىن قوپۇرۇلغان، بېتون لاي بىلەن سىلىق سۇۋالغانىدى؛ چوڭ قوتان ئۈچ كىچىك قوتانغا بۆلۈنگەن بولۇپ قوي، كالا، ئۆچكىلەر ئۆز خىللىرى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى، چۆرىدەپ سېلىنغان بۇ قوتان-نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سەيناغا چارۋىلار ئۈچۈن تەييارلانغان قوناق، چىگىت، كېپەك قاچىلانغان چىپتا قاپ ـ تاغارلار ئۆگزە بويى بېسىل-غانىدى. يەم ـ بوغۇز يەۋاتقان قوي، كالىلارنىڭ سېمىزلىكىدىن قويىنىڭ دۈمبىسىدە «تورغاي ئۇۋۇلىسا»، كالىلارنىڭ دۈمبىسىدە «تۇخۇم توختايتتى».

— هازىر قانچىلىك مال بورداۋاتىلا؟— سورىدۇق بىز مامۇت ئاخۇندىن.

— بۇ قېتىمقى بورداقتا سالغان قوي، كالا، ئۆچكىمىز 150 دىن ئاشىدۇ، تېخى ئالدىنقى ھەپتىسى 200 تۇياق قويىنى قوتاندىن چىقىرىپ كىرىم قىلىنۋالدىم. خۇدا ئامان قىلسا بۇلارنىمۇ يەنە بىر ئاي ۋاقىتتا قالماي بازارغا ئېلىپ بېرىپ پۇل قىلىمەن.

مامۇت توختىنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ بور-داقچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللانغىنىغا 10 يىل بولغان بولۇپ، تىجارىتى روناق تاپقان ۋاقىت 1994ـ يىلىدىن باشلىنىپتۇ. ھەر يىلى ئۈچ ئايىنى بىر قەنە قىلىپ، تۆت نۆۋەت مال بورداپدىكەن، ھەر قېتىمدا قوتانغا 100 تۇياقتىن 300 تۇياققىچە مال سالىدىكەن. چارۋا مال بورداش تەجرىبىسىمۇ بارا ـ بارا ئېشىپ بېرىپتۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ بەرگەن بوغۇزلىرى قوي، كالىلارغا دەل ۋاقتىدا تەڭۋا قىلىپ، بور-داش نىشانىنى ۋاقتىدا ئەمەلگە ئاشۇرالايدىكەن.

— پارتىيىنىڭ دېھقانلارنى باي قىلىش سىياسىتىنىڭ قۇدرىتى بولمىغان بولسا،— دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ،— ئائىلىمىز مۇنچىۋالا

كۆتۈۋالدى ۋە كېلىش مەقسىتىمىزنى ئۇققاندىن كېيىن، دېدى:
— مۇخبىر دېگەن ماختاشقا ئامراق خەق، كۆرمەي تورۇپ يازسا، چوقۇم يالغاننى يېزىپ قويىدۇ، راستىنى يېزىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن كۆرۈش كېرەك. مەن سىلەرنى بېغىمغا باشلاپ كىرەي، ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرۈپ بېقىڭلار.
بىز رازىلىق بىلدۈرۈپ ئۇنىڭ باشلىشى بىلەن باغقا كىردۇق. قاراڭ: ئۇنىڭ بېغى باشقا بىر دۇنيا ئىكەن، كۆلىمى بەش مودىن ئاشىدىغان بۇ باغقا قويۇلغان ئانار دەرەخلىرى، تام بويلاپ چۆرىدەپ تىكىلگەن ئۈزۈم تاللىرى، قارىئۆرۈك، ئەينۇلا، ئۆرۈك كۆچەتلىرى شۇنداق بىر ئۇستىنىڭ قولىدا ئەپچىللىك بىلەن رەتلىك تىكىلگەنكى، ئەگەر بىر تال كۆچەت چىقىرنۇېتىلسە، ئادەمنىڭ بىر تال چىشى يوقتەك كۆرۈنۈش پەيدا قىلاتتى. بېدىشلاردىكى سانجاق - سانجاق مۇناقى ئۈزۈملەر، شاخلاردىكى گەردىن چىنىدەك ئانارلار كەچ كۈز ئايلىرىنى ئەمەس، ياز ئايلىرىنى ئەسلىتىپ تۇراتتى.
— غولامجاننىڭ باغۋەنچىلىكتە ھەقىقەتەن تەجرىبىسى بار، — دېدى بىزگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئابدۇغوپۇر كېرىم، — بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئانار كۆچىتى يېتىشتۇرۇشتىكى تەجرىبىسىنى ئۆلگە قىلىشقا ئەرزىيدۇ.
— ياخشى گەپكەن، مۇشۇ تەجرىبىنى ئۆز ئاغزىلىرىدىن ئاڭلاپ باقساق قانداق؟ — دېدۇق بىز غولامجان تۇردىغا.
— ھەرقانداق ئىش قىلماسلىقتىن، ئەجىر سىڭدۈرمەسلىكتىن قالىدىكەن، — دېدى ئۇ سوئالىمىزغا جاۋابەن، — 10 يىلغا يېقىن ئەجىر قىلىۋېدىم، ئەجرىمنىڭ مېۋىسىنى كۆردۈم.
غولامجاننىڭ تونۇشتۇرۇپ بەرگەن تەجرىبىسىدىن قارىغاندا ئۇ 80. يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ باغۋەنچىلىككە تۇتۇش قىلغان، كەنت رەھبەرلىكى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ قوللىشى ۋە پېشقەدەم باغۋەنلەرنىڭ تەجرىبىسىنى ئۆگىنىشنى قولغا كەلتۈرۈپ، دەسلەپكى قەدەمدە ئىككى مو يەردە ئانار، ئۈزۈم تېلى ئۆستۈرگەن، ئۇنى بولۇققا كىرگۈزۈپ نەپ ئالغاندىن كېيىن، باغ كۆلىمىنى تەدرىجىي

كەسپي ئائىلىسى بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەندى. ئۇنىڭ تۇرتكىسىدە كەنتىمىزدىكى 435 ئائىلىدىن 125 ئائىلە چارۋىچىلىق كەسپي ئائىلىسى بولۇپ يېتىشتى، 12 ئائىلە مەخسۇس بورداقچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللانماقتا. كەنتىمىزدىكى بورداقچى ئائىلىلەر يىلىغا 10 مىڭ تۇياقتىن كۆپرەك قوي، كالا بورداپ چىقىرالايدۇ، ئۈچ يىل مابەينىدە 33 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق كالا، قوي بورداپ چىقىرالايدۇ، قوي بوردىدى. ھازىر كەنتىمىزدىكى دېھقانلارنىڭ چارۋىچىلىقتىن قىلغان كىرىمى ئومۇمي كىرىمىنىڭ 32.6% نى ئىگىلەيدۇ. قىسقىسى، «چارۋا بېقىپ، ياغ چايناۋاتقانلار» نىڭ تەرىپىنى سۆزلەپ تۈگەتمەك تەس.

1999- يىل 11- ئاينىڭ 2- كۈنى بىز قەشقەر شەھىرىگە تەۋە قوغان يېزا باش سۇزاق 8 كەنت باش سۇزاق 2- مەھەللىدىكى چارۋا بورداش ماھىرى مامۇت توختىنىڭ ئىش ئىزلىرىغا قايىل بولۇپ، ئالتۇن كۆزدە قىلغان يۇرت زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇردۇق.

1999 - يىل نويابىر

## شامپاچپالىقلارنىڭ «شاھ»دەك كۆنلىرى (2)

— باغۋەنچىلىكتە، — دېدى بىزگە ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ بېرىۋاتقان قەشقەر شەھىرىگە تەۋە قوغان يېزىلىق پارتكومىنىڭ شۇجىسى گۇلنار، — شامپاچپا 10- كەنت دېھقانلىرىنىڭ داڭقى بار، ئۇلار باغۋەنچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ كۈنلىرىنى «شاھ» دەك، تۇرمۇشىنى گۇلدەك ئۆتكۈزمەكتە، تۆۋەنكى باغ 3- مەھەللىدىكى غولامجان تۇردىنىڭ ئائىلىسى مانا شۇلار ئىچىدىكى تىپىك ۋەكىللىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ باغۋەنچىلىكتىكى تەجرىبىسى ئۆگەنگۈدەك تەجرىبە. ئۇنىڭ ئائىلىسىنى زىيارەت قىلىپ بېقىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن.

بىز بۇ يىپ ئۇچىغا ئاساسەن 1999- يىل 11- ئاينىڭ 2- كۈنى غولامجان ئائىلىسىنى زىيارەت قىلدۇق. 50 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان، بەستلىك، تەمبەل كەلگەن بۇ دېھقان ھويلىسىدا بىزنى قىزغىن

روۋش، مېۋە خىللىرىنى ئەلالاشتۇرۇش، مېۋىلەرنىڭ تۈپ مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش جەھەتتە تارتقان جەبىر - جاپاسى خېلى كۆپكەن. ئىگىلىگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇ باغۋەنچىلىكتىكى تېخنىكىسىنى، مول تەجرىبىسىنى ئۆز ئائىلىسى ۋە بېغىدا جارى قىلدۇرۇپلا قالماي، ھەرقايسى كەنت، مەھەللە، دېھقان ئائىلىلىرى، ھەتتا ھەربىر كۆچەت تۈۋىگىچە بېرىپ، تېخنىكىسىنى ئىشقا سېلىپ، كۆپلەپ باغۋەنلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە يار - يۆلەك بوپتۇ. ئۇنىڭ تۈرتكىسى ۋە ئىلھامى بىلەن بۇ كەنتتە باغۋەنچىلىك دېھقان ئائىلىلىرى يىلسېرى كۆپىيىپتۇ. 1992- يىلى كەنت بويىچە ئاران 260 مو يەردە باغ بولغان بولسا بۇ يىل باغ كۆلىمى كۆپىيىپ، 1200 موغا يېتىپ، كەنتتىكى ھەربىر ئائىلىگە 4.5 مودىن، نوپۇسقا 1.2 مودىن توغرا كەپتۇ. باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلىلەر ئومۇمىي ئائىلىنىڭ 50% ىنى تەشكىل قىلىدىكەن. بۇ يىل 550 مو باغدىن 650 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىپ، كەنتتىكى ھەربىر ئائىلىگە 2500 يۈەن، نوپۇسقا 600 يۈەندىن توغرا كەلتۈرۈپتۇ. كەنت بويىچە باغۋەنچىلىك كىرىمى ئومۇمىي كىرىمنىڭ 72% ىنى ئىگىلەيدىكەن. غولامجان تۇردىمۇ تارتقان جاپاسى، سىڭدۈرگەن ئەجرىگە مۇناسىپ شان - شەرەپكە ئېرىشىپ مۇناسىۋەتلىك ئورۇن، تارماقلار تەرىپىدىن كۆپ قېتىم تەقدىرلىنىپتۇ.

— كەلگۈسى باغۋەنچىلىكىڭلار ئۈستىدە قانداق پىلان، تەسەۋۋۇرۇڭلار بار؟ — دەپ سورىغان سوئالىمىزغا جاۋابەن، كەنت باشلىقى تۇرداخۇن ئىمىن مۇنداق دېدى:

— بۇ يىل ئەتىياز كەنتىمىز بويىچە 150 مو يەرگە ئانار كۆچىتى سالدۇق. يىلىغا 150 مو يەردە باغ قىلساق، ئۈچ يىلدا باغ كۆلىمى 500 موغا يېقىن كۆپىيىدۇ، 2003- يىلىغا بارغاندا 1700 مو يېرىمىزنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك باغۋارانلاشتۇرۇلۇپ بولدى، دېگەن گەپ. يۇرتىمىز باغۋارانلاشتۇرۇلۇپ، ھەممىمىزنىڭ بېغى بولسا، بىزمۇ تاغدەك تۇرۇپ ياغ چايناپ، تۇرمۇشىمىزنى «شاھ» دەك ئۆتكۈزمەسمىزمۇ؟!

كېڭەيتىپ، مېۋە خىللىرىنى بۇرۇنقى ئىككى خىلدىن ئالتە خىلغا، باغ كۆلىمىنى 10 موغا يەتكۈزگەن، يېڭىدىن يەنە 10 مو بىنەم ئېچىپ، باغ قىلىشقا تەييارلىغان. بۇ يىل كۈزدە ئانار، ئۈزۈم تېلىدىن 5000 تۈپنى قەلەمچە قىلىپ تىككەن. ئۆزىنىڭ تېخنىكوم سەۋىيىسىگە ئىگە قابىلىيىتىنى ئىشقا سېلىپ، «تۇرمۇش مەسلىھەتچىسى»، «ئىلمى باغۋەنچىلىكى» قاتارلىق ژۇرناللارنى سېتىۋېلىپ ئوقۇپ، باغۋەنچىلىك تەجرىبىسىنى بېيىتقان ۋە مۇستەھكەملىگەن. نەتىجىدە ئۇنىڭ بېغىنىڭ مەھسۇلاتى يىلدىن - يىلغا ئاشقان، بىر مو باغنىڭ كىرىمىنى 3000 يۈەندىن تۆۋەنلەتمىگەن، ئائىلىسىنىڭ ئىگىلىكىمۇ كۆزۈنەرلىك دەرىجىدە ئېشىپ بارغان. ئىگىلىشىمىزچە ئۇ 50 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ، ئولتۇراق ئۆيىنى يېڭىلىۋاپتۇ، ئىككى پەرزەنتىنى پۇل تۆلەپ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇتۇپ خىزمەتكە چىقىرىپتۇ، 20 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ قول تراكتورى، دان ئايرىش ماشىنىسى قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىپ، بۇنىڭغا بىر ئوغلىنى مەسئۇل قىلىپ، ئائىلە كىرىمىنى كۆپەيتىپتۇ. ھازىر ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ باغۋەنچىلىك، دېھقانچىلىق، قوشۇمچە كەسىپتىن قىلغان يىللىق كىرىمى 40 — 50 مىڭ يۈەنگە يېتىدىكەن.

بىز غولامجاننىڭ تەجرىبىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يېڭىدىن قەلەمچە تىككەن كۆچەتزارلىقىنى زىيارەت قىلدۇق.

— ۋاھ، نېمىدېگەن چىرايلىق كۆكلىگەن قەلەمچىلەر بۇ، — دېدۇق بىز بۇ مەيداندىكى ئانار، ئۈزۈم كۆچەتلىرىگە زوقىمىز كېلىپ.

— ئانار، ئۈزۈم تېلىنى قەلەمچە قىلىپ ئۆستۈرۈشتە، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى بۇ ماھىر باغۋەن غولامجان، — تېخنىكا تەلەپىگە ئەھمىيەت بەرمەي بولمايدۇ، تېخنىكا تەلەپ قىلىدىغان ئىشتا قانچىكى ئەستايىدىل بولسا شۇنچە ياخشى، سەل - پەل بىپەرۋالىق قىلىنىدىكەن، خىزمىتىمىزنىڭ ئۈنۈمى بولمايدۇ.

دەرۋەقە غولامجان تۇردى باغۋەنچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىدا كۆپ جاپا چېكىپتۇ، بولۇپمۇ مېۋە كۆچەتلىرىنى يېتىشتۈ-

قازىرىق كەنتىگە يېتىپ كەلگەندە، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى مەمتىمىن مامۇت قاتارلىقلار بىزنى كۈتۈۋالدى ۋە سالام-سائەتتىن كېيىن، ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن كەنت ئىشخانىسىغا تەكلىپ قىلدى.

«ھۈنەر — تېرىسالىڭ ئۈنەر» دېگەن گەپنىڭ تېگىگە قازىرىق دېھقانلىرى ھەممىدىن بەك يېتىدۇ، — دېدى بىزگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن يېزا باشلىقى دولقۇن موللايوپ سۆھبىتىمىزنىڭ بېشىدىلا، — بۇلار بۇرۇن ئويغىنىپ، ھۈنەر-كەسىپنى باشتىلا ئۆزلىرىگە ھەمراھ قىلىۋالدى، چۆنتىكىگە لىق پۇل تولدى.

— ئۇلارنىڭ بېيىش يولىدىكى تەجرىبىسىنى ئاڭلاپ باقساق قانداق؟ — دېدۇق بىز مەمتىمىن مامۇتقا.

— بىزدە «ھۈنەرلىك ئەر خار بولماس» دەيدىغان ھېكمەتلىك گەپ بار، — دېدى ئۇ سورىغان سوئالىمىزغا جاۋابەن، — ھۈنەرنى دوست تۇتۇپ، ھۈنەر بىلەن ھەپىلىشىپ، ھۈنەر بىلەن مەغۇل بوپتۇق، ئۇنىڭ راھىتىنى كۆردۇق.

مەمتىمىن مامۇتنىڭ تونۇشتۇرۇشىدىن قارىغاندا، ئىلگىرى قازىرىق كەنتىدە ياغاچچىلىق، دوپپىچىلىقنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىكەن. دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ باي بولۇشقا كۆزى يەتمىگەن قازىرىق كەنت دېھقانلىرى 90-يىللاردىن باشلاپ دىققەت-ئېتىبارىنى ئاشلىقنى چىڭ تۇتقان ئاساستا، قوشۇمچە ئىگىلىك بىلەن كۆپرەك شۇغۇللىنىشقا قارىتىپ، قەدەمنى مۇشۇ يولغا چوڭراق ئاپتۇ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ «يېشىل چىراغ» يېقىپ بېرىشى ئارقىسىدا، كەنتتىكىلەر ياغاچچىلىق، دوپپىچىلىق كەسىپىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، يېڭىدىن ساندۇقچىلىق، تىككۈچىلىك، كەشتىچىلىك، ھەر خىل پىششىقلاپ ئىشلەش، ترانسپورت، قاسساپلىق، باققاللىق، خۇمدان باشقۇرۇش قاتارلىق كەسىپلەرنى يولغا قويۇپ كىرىم مەنبەلىرىنى كۆپەيتىپتۇ. ھازىر كەنت بويىچە 170 ئائىلە ساندۇقچىلىق، 152 ئائىلە دوپپىچىلىق، كەشتىچىلىك، 85 ئائىلە ياغاچچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللى-

كەنت باشلىقىنىڭ بۇ گېپى قايسى بىر شائىرنىڭ مۇنۇ مىسرالىرىنى يادىمىزغا سالدى:

«بىر ۋەتەننىڭ ئوغلىمەنكىم، ھەر تەرەپ گۈل - لالە باغ،
قەلب كۆزىدەك، ئەڭ قاراڭغۇ كوچىدا پارلار چىراغ،
ھەر يىگىت مەغرۇرۇ، ھەر قىز كۆكرىكى قوش چوققا تاغ،
سۇ دېسەم شەربەت ئاقار، ئىقلىم دېسەم قايماقۇ ياغ،
ئۆز - ئۆزىنى ماختىغاندا، ماختىماي قالايمۇ مەن؟ !»

1999- يىل نويابىر

## «ياشاپ كەت، قولى گۈل قازىرىقلىقلار!» (3)

— ھۈنەر - كەسىپنى قانات قىلىپ، بېيىش كۆكىدە قانات قېقىۋاتقان قازىرىق كەنت دېھقانلىرىنىڭ يېزىمىز تەۋەسىدىلا ئەمەس، بەلكى قەشقەر شەھىرىدىمۇ خېلى داڭقى بار. يولنى يىراق كۆرمىسەڭلار، قازىرىق كەنتىدىكى دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ بۈگۈنكى كۈنىنى زىيارەت قىلىپ باقساڭلار قانداق؟ — دېدى يېزىلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى مۇھەممەتتۇرسۇن قادىر سورىغان سوئالىمىزغا جاۋابەن، — قولى گۈل دېھقانلارنى مۇشۇ كەنتتىن كۆپ تاپقىلى بولىدۇ.

بىز ئولتۇرغان ئاپتوموبىل يېزا ئورگىنىدىن يولغا چىقىپ، ئىككى قاسنىقى سۈۋادان تېرەكلەر بىلەن قاپلانغان ئاسفالت يولدا قۇيۇندەك ئۇچماقتا ئىدى. ئالتۇن كۈز مەنزىرىسىگە چۆمگەن كۆجۈم مەھەللىلەر، سېخىي قۇچىقىنى ئۆز ئىگىلىرىگە كەڭ ئېچىپ، ئارام ئېلىش ئالدىدا تۇرغان گۈزەل باغلار، ئۇيقۇ بېسىش ئالدىدىكى ئورمانزارلار، كىچىك - كىچىك شارقىراتمىلاردىن كېيىك بالىسىدەك سەكرەپ چۇشۇۋاتقان سۈپسۈزۈك كۆز سۇلىرى، ئەينەكتەك تۈپتۈز تەكشىلىنىپ ياسالغان سالا ئېتىزلاردىكى توكچىدەك ئۈنگەن يېشىل مەخمەلدەك بۇغداي مايسىلىرى كىشىگە ئاجايىپ زوق ئاتا قىلاتتى.

تۇردۇم، يىلىغا 500 — 600 ساندۇق تەييارلاپ، مۇشۇ كەسىپتىنلا 10 — 15 مىڭ يۈەن ساپ كىرىم قىلىمەن. بۇنىڭدىن كېيىن ھۈنىرىمنى تېخىمۇ روناق تاپتۇرۇپ، يىلىغا سۇپەتلىك ساندۇقتىن 700 نى تەييارلاپ، پايدىنى كۆپەيتىش پىلانىم بار.

ئاخىرىدا دولقۇن موللايۇپ ماۋۇلارنى قوشۇپ قويدى: قازىرىق كەنتى قوشۇمچە كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتا يېزىمىزغا ئۆلگە تىكلەپ بەردى. بۇ كەنت بۇ يىل يەنە يېڭىدىن 270 مو يەردە ئانارلىق باغ بىنا قىلدى، كۆزلۈك باغ بىنا قىلىش ئۈچۈن 150 مو يەر تەييارلىدى. بۇ يۇرتنىڭ يىگىتلىرى زېمىنغا، ياغاچقا گۈل چېكىپ، تەبىئەتكە گۈزەللىك ئاتا قىلسا، قىز-چوكانلىرى دوپپىچىلىق، كەشتىچىلىك ھۈنىرى بىلەن رەختكە گۈل چېكىپ، تۇرمۇشىمىزغا بەخت ئاتا قىلىدۇ.

1999- يىل 11- ئاينىڭ 9- كۈنى قەشقەر شەھىرىگە تەۋە نەزەر-باغ يېزا يۇقارقى قازىرىق 10- كەنتىدىكى زىيارىتىمىزنى ئاخىرلاشتۇ-رۇپ قايتقان بولساقمۇ، قولى گۈل قازىرىقلىقلارنىڭ ساندۇققا گۈل چېكىۋاتقان، دوپپا تىكىۋاتقان گۈزەل سىيماسى كۆز ئالدىمىزدىن نېرى كەتمىدى.

1999- يىل نويابىر

ىىدىكەن. قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلىلەر كەنت ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 70% ىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدىكەن. قوشۇمچە كەسىپتىن قىلىنغان كىرىم ئومۇمىي كىرىمنىڭ 60% ىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدىكەن. ساندۇقچىلىق، ياغاچچىلىق، دوپپىچىلىق-تىن قىلىنغان كىرىم مۇشۇ ئۈچ خىل كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھەربىر ئائىلىگە 2500 يۈەندىن، نوپۇس بېشىغا 500 يۈەندىن توغرا كېلىدىكەن.

بىز كەنت رەھبەرلىكىنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلىغاندىن كې-يىن، ئۆلارنىڭ يول باشلىشى بىلەن 1- مەھەللىدىكى ساندۇقچى مۇھەممەتتۇرسۇن نۇرنىڭ ئائىلىسىنى زىيارەت قىلدۇق.

پاھ! ياغاچ تىلىنۋاتقان، رەندىلەۋاتقان توك ھەرىلىرىنىڭ گۇركى-رەشلىرى ساندۇقلارغا تۈنىكە مىخلاۋاتقان بولقا ئاۋازى بىلەن قوشۇ-لۇپ، ئۇنىڭ ھويلا قورۇسى بەئەينى بىر جەڭگاھقا ئايلىنىپ قالغان-دى. ھەرە، رەندە تۇتۇۋاتقان ئۇستىلار، ساندۇققا تۈنىكە مىخلاۋاتقان شاگىرتلار جەڭ مەيدانىدىكى كوماندىر - جەڭچىلەرنى ئەسلەتسە، مۇ-ھەممەتتۇرسۇن نۇرنىڭ ئۆزى باش «قوماندان» دەك كۆرۈنەتتى. ھويلا ئىچىگە تىزىۋېتىلگەن ھەر خىل پاسوندىكى نەپىس گۈل چېكىلگەن چوڭ - كىچىك ساندۇقلار كۆزنى قاماشتۇراتتى.

— ساندۇقچىلىق كەسپىمنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، — دەپ سۆز باشلىدى مۇھەممەتتۇرسۇن نۇر بىزگە ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ، — بازارغا يۈزلىنىپ، ساندۇقنىڭ سۈپىتىگە ئەھمىيەت بەردىم. سۈپەت-سىز مالنىڭ خېرىدارى بولمايدىكەن، ساندۇق ياساشتا ياغاچنىڭ قۇرۇقىنى تاللىدىم، تۈنىكىنىڭ ياخشىسىنى ئىشلەتتىم، ساندۇققا چېكىلگەن گۈللەرنىڭ خىللىرىنى كۆپەيتىپ، كۆركەم، ئازادە بولۇ-شىغا ئەھمىيەت بەردىم. سۈپەتسىز ياسالغان ساندۇقلارنى ھويلامدىن چىقارمىدىم، بازارغا سالمىدىم. شۇڭا، خېرىدارلىرىم كۆپىيىپ، مال زاكاس قىلىدىغانلار كۈندىن - كۈنگە ئاۋۇپ باردى، بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئىشلەپچىقىرىش كىرىمىممۇ ئاشتى، بۇرۇنقىنى سۆز-لىمەي قوياي، 1995- يىلىدىن بۇيان 20 گە يېقىن شاگىرت يېتىش-

هاملىنىپ، دېھقان ئائىلىلىرىنى قوشۇمچە كەسىپ بىلەن كۆپرەك شۇغۇللىنىشقا يېتەكلىدى. شۇنىڭ بىلەن سۈت - قايماقچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلە 153 كە، ئۇلارنىڭ باققان سېغىن كالىسى 186 تۇياققا يەتكەن. بۇ ئائىلىلەر ھەر كۈنلۈكى بازارنى ئىككى توننىغا يېقىن سۈت بىلەن تەمىنلىگەن. ياغ زاۋۇتى ماگدۇرۇ-ۋاتقان ئائىلە 73 كە، قاسساپچىلىق ئائىلىسى 50 نەچچىگە، ئۆزى قوي بورداپ، ئۆزى ساتىدىغان، ئۆزى سويىدىغان ئائىلە ئون نەچچىگە يەتكەن. 4- مەھەللىدىن ھۆسىيىن ئىبراھىم ئائىلىسى باقمىچىلىق، بورداقچىلىق، قاسساپلىق، ياغ زاۋۇتى ماگدۇرۇش قاتارلىق كەسىپ-لەرنى تەڭ ئېلىپ بېرىپ، يىلىغا 50 — 60 مىڭ يۈەن ساپ كىرىم قىلغان. كەنت بويىچە قوشۇمچە ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلىلەر ئومۇمىي ئائىلىنىڭ 70% ىگە يېقىنلاشقان، قوشۇمچە كە-سىپتىن قىلىنغان كىرىم ئومۇمىي كىرىمنىڭ 70% ىدىن ئېشىپ كەتكەن. بۇ يىل 11- ئاينىڭ باشلىرىغىچە بولغان بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، كەنت بويىچە ياغ زاۋۇتىدىن قىلىنغان ساپ كىرىم 500 مىڭ يۈەنگە، سۈت - قايماقچىلىقتىن قىلىنغان ساپ كىرىم 400 نەچچە مىڭ يۈەنگە يېتىپ، مۇشۇ ئىككى كەسىپتىنلا قىلىنغان ساپ كىرىم ھەربىر دېھقان ئائىلىسىگە ئازغىنە كەم 2000 يۈەندىن توغرا كەلگەن. بۇ كەنت قوشۇمچە كەسىپنى يولغا قويۇشتا يېزا، شەھەر بويىچە كۆپ قېتىم ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلان-غان. كەنت رەھبەرلىكى يۇقىرىقىدەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتە تۆۋەندىكىلەرنى چىڭ تۇتقان:

بىرىنچىدىن، كەنت رەھبەرلىك بەنزىسىدىكىلەر ئالدى بىلەن ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، كۆزقاراشنى يېڭىلاپ، تونۇشنى ئۆستۈر-گەن. پارتىيىنىڭ يېزا ئىقتىسادىي سىياسەتلىرى ۋە مەركەز، ئاپتو-نوم رايون ھەمدە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ دېھقانلارنى بېيىتىشقا دائىر بەلگىلىمە، تەدبىرلىرىنى ئوبدان ئۆگىنىپ، دېھقانلارغا ياخشى تەشۋىق قىلغان، ئىلغار تەجرىبىلەرنى ئۆگەنگەن، ئىلغار تەكلىپ - تەلەپلەرنى قوللىغان، قوشۇمچە كەسىپنى راۋاجلاندۇرۇشتا ھەم تەش-

# بازار ئىگىلىكى مۇراجىئەت قىلغان يول

قەشقەر شەھىرىگە تەۋە نەزەرباغ يېزىسىنىڭ قاسساپ مەھەللىسى كەنتىدە يەتتە مەھەللە - گۇرۇپپا، 472 ئائىلە، 676 ئەمگەك كۈچى، 2260 نوپۇس بار. ئومۇمىي تېرىلغۇ يېرى 1600 مو بولۇپ كىشى بېشىغا ئاران 0.7 مودىن توغرا كېلىدۇ. بۇ كەنتنىڭ تۆت ئەتراپى قوشنا كەنتلەرنىڭ شاھمات تاختىسىدەك تېرىلغۇ يېتىزلىرى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەچكە، بىنەم ئېچىپ تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى كېڭەيتىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. ئىلگىرى كەنت رەھبەرلىكى دېھقان ئائىلە-لىرىنى قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا سەپەرۋەر قىلغان بولسىمۇ، «غالتەككە تۇشلۇق دەسمايە يوق» لۇقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپلىگەن دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى تېرىقچىلىق يولىدىن «قول ئۈزەلمىگەن» لىكى سەۋەبىدىن، بۇ ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمىغان. پەقەت ئۆز زامانىسىدا ئاتا - بوۋىلىرى قاسساپلىق تىجا-رىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئون نەچچە ئائىلىنىڭ پەرزەنتلىرى ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، قاسساپلىق تىجارىتى بىلەن شۇغۇللان-غاندىن باشقا، قالغان ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك يەنىلا دېھقان-چىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن، دېھقانچىلىقتا تارتقان چىقىم زىيادە ئېغىر بولغاچقا، چىقىم كىرىمنى قاپلىيالماي، «موما تۈۋگە چۈشكەن دان» ئاز بولۇپ دېھقان ئائىلىلىرى ھاللىنالماي كەلگەنىدى.

80- يىللارنىڭ ئاخىرى 90- يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ، كەنت رەھبەرلىكى پارتىيىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتىدىن ئىل-

1.6 مۇ يەرگە بازىلاشقان، تېخنىكا تەلىپى بىرقەدەر يۇقىرى
ئىغىل ـ قوتان سېلىپ، بىر قېتىمدىلا 200 تۇياق ئۇششاق چارۋا،
50 باش چوڭ چارۋا بورداش ئىمكانىيىتى ياراتقان، بۇ ئائىلە دەسلەپ-
كى قەدەمدە يەنە 20 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ 50 تۇياق قوي، 400
كەپتەر سېتىۋېلىپ، باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

ئۆتىنچىدىن، كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشقا بولغان
رەھبەرلىكنى كۈچەيتكەن. كەنت رەھبەرلىكى رەھبەرلىك بەنزىسىدى-
كىلەرنى قابىلىيىتىگە قاراپ، ھەرقايسى كەسىپلەرگە مەسئۇل قى-
لىپ، تۈزۈملەرنى بېكىتىپ، قاتتىق ئىجرا قىلغان، كەسىپلەر بويى-
چە كىرىمنى كۆپەيتىشتە مۇسابىقە پائالىيىتىنى يولغا قويغان. ھەر-
قايسى كەسىپكە مەسئۇل كەنت خادىملىرى كەسىپي ئائىلىلەرنىڭ
قىيىنچىلىقلىرى، دەرد ـ ئەھۋالىنى پات ـ پات سۈرۈشتۈرۈپ، ھەل
قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ بەرگەن، كەسىپنى
راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئىلغار تەكلىپ ـ پىكىرلەرنى قوللاپ تۇرغان.
كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئابدۇقېيۇم ياسىن ئۆزى باش-
لامچى بولۇپ، قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى قوللاشتا
ئۈلگە ياراتقان.

1999 ـ يىل دېكابىر

ۋىقاتچى بولغان، ھەم ئەمەلىيەتچى بولغان.
ئىككىنچىدىن، دېھقان ئائىلىلىرىنى قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا، تاۋار ئىگىلىكى - بازار ئىگىلىكىگە يۈزلىنىشكە ياخشى يېتەكلىگەن. كەنتتىكى دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، كەنتنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى، قايسى ئائىلىنى قايسى كەسىپكە قويسا بولىدىغانلىقى، كەنتنىڭ قەشقەر شەھىرىگە يېقىن بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلارنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلغان ھالدا ئائىلىلەرنى قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا تەشكىللىگەن. ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشىراقلىرىنى ياغ زاۋۇتى ماشىنىسى قۇرۇشقا، كارخانا قۇرۇشقا تەشكىللىگەن. «ماغدۇرى ئاجىز» لىرىنى سېغىن كالا بېقىشقا، دوپپىچىلىق، كەشتىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشقا تەشكىللەپ، دېھقانلار ئارىسىدا «يوتقانغا قاراپ پۇت ئۇزىتىدىغان» ۋەزىيەتنى شەكىللەندۇرگەن.
ئۈچىنچىدىن، قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا تولۇق ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى يولغا قويۇشنى چىڭ تۇتقان. كەنت رەھبەرلىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن، قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى ئىلھاملاندۇرۇش چارىسى تۈزۈپ چىقىپ ئەمەلىيلەشتۈرگەن. غەيرىي ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئائىلىلەرنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلغان ھالدا سۇ، توك، يەر بىلەن تەمىنلەش، مەبلەغ يەتكۈزۈپ بېرىش قاتارلىقلاردا ئېتىبار بەرگەن؛ بەزى ئائىلىلەرنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەك كۈنىنى كۆتۈرۈۋەتكەن؛ دېھقان ئائىلىلىرى بىلەن توختاملىشىپ، توختامغا ئەمەل قىلىپ، نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغانلارنى مۇكاپاتلىغان، ئۇلارنىڭ تەجرىبىسىنى كېڭەيتكەن. بۇنىڭ بىلەن بۇ يىل كەنت بويىچە 52 دېھقان ئائىلىسى يۇقىرىسى 30 — 40 مىڭ يۈەن، تۆۋىنى 5 — 6 مىڭ يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ كۆلەملەشكەن، يۈرۈشلەشكەن باقمىچىلىق بازىسى قۇرۇپ چىققان. كەنت رەھبەرلىكىمۇ ئۇلارنى يېقىندىن قوللاپ 0.5 — 2 موغىچە يەر بىلەن تەمىنلىگەن. 7-مەھەللىدىن ئابلەت بەختى ئائىلىسى 60 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ،

ۋاقىت مۇرىنى - مۈرىگە تىرەپ، كېچە - كۈندۈز جەڭ قىلىۋىدۇق، مانا بۇ ئالدىمىزدىكى گۈزەل مەنزىرە بىنا بولدى.

— ئىشچىلارنىڭ غەيرىتى ھەقىقەتەن پەلەككە يېتىپتۇ، — دېدۇق بىز ئۇلارنىڭ گۈل كەلتۈرۈۋاتقان ئىشچان قوللىرىغا زوقىمىز كې-لىپ.

ئىگىلىگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچى-دە، بۇ ئىككى شىركەتتىكى ۋەزىپىگە ئاجرىتىلغان ئىشچى - خىزمەت-چىلەر مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن 100 دىن ئارتۇق توپا، شېغىل توشۇش ئاپتوموبىلى، 30 غا يېقىن توپا قېزىش، يەر چىڭداش، لاي ئېتىش ماشىنىسى قاتارلىقلارنى ئىشقا سېلىپ، 140 مىڭ كۇب مېتىر توپىنى يۆتكەپ، 30 مىڭ كۇب مېتىرغا يېقىن شېغىل توشۇپتۇ؛ 36 مىڭ 360 كۋادرات مېتىر يەرنى قاتتىقلاشتۇرۇپ، 18 مىڭ كۋادرات مېتىر يەرگە گۈللۈك خىش ياتقۇزۇپتۇ؛ 507 مېتىر پاسكىنا سۇلارنى چىقىرىۋېتىش يولى، 920 مېتىر توك يولىنى يۇرۇشلەشتۈرۈپتۇ؛ 10 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر يەرگە كۆكەرتىش مەيدانى ياساپتۇ؛ تۆت ئورۇنغا ۋوگزال مەيدانىنى يورۇتۇش چوڭ چىرىغىنىڭ مۇنار ئاستى ئۇلىنى ياساپتۇ.

بىز شىركەت رەھبەرلىكىنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلىغاندىن كې-يىن، ئۇلارنىڭ يول باشلىشى بىلەن ۋوگزال ئىچىنى زىيارەت قىل-دۇق.

— ۋاي - ۋۇي، نېمىدېگەن كاتتا سېلىنغان بىنا بۇ، — دېدى شەھەردىن بىزگە ھەمراھ بولۇپ چىققان بىر بۇرادىرىمىز مەستلىكى كېلىپ، — خېلى كۆپ شەھەرلەرگە بېرىپمۇ بۇنداق ھەشەمەتلىك سېلىنغان بىنانى كۆرمەپتىكەنمەن.

— ئۇقۇشۇمچە، قەشقەر ۋوگزالى ئۈرۈمچى ۋوگزالىدىن قالسىلا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 2- ئورۇندا تۇرىدىكەن، ئوتتۇرا ئاسىيادى-كى بەزى شەھەر ۋوگزاللىرىغا سېلىشتۇرغاندا چېنىپ قالمىغۇدەك، — گەپ قىستۇردى سۆھبىتىمىزگە ھەمشېرىك بولۇۋاتقان «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، باش مۇھەررىر يولداش

# «بەخت يولى» دىكى گۈدۈك ئاۋازى

(چاتما زىيارەت خاتىرىسى)

## ۋوگزال مەيدانىدا قالدۇرۇلغان ئىزلار (1)

بىزنىڭ قەشقەر ۋوگزال مەيدانىغا قەدەم ئېلىپلا كۆزىمىز چۈشكىنى قاينام - تاشقىنلىققا چۆمگەن ئەمگەك مەنزىرىسى بولدى. ۋوگزال مەيدانى راستىنىلا ئەمگەك قاينىمىغا چۆمگەنىدى. ھەر خىل ئىش ھالقىلىرىدا گۈزەل مەنزىرە يارىتىش ئۈچۈن ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرۇۋاتقان ئىشچىلارنىڭ بەزىلىرى مەيدانغا گۈللۈك خىش ياتقۇزۇش بىلەن بەند بولسا، بەزىلىرى يول بويلىرىغا قىر خىشى ياتقۇزۇش، ئاپتوموبىل يولىغا بېتون قۇيۇش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتاتتى. ئايىغى ئۈزۈلمەي توپا، شېغىل توشۇۋاتقان چوڭ - كىچىك ئاپتوموبىللار، توپا ئىتتىرىش، توپا قېزىش، لاي ئېتىش ماشىنىلىرىنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازلىرى مەيدان ئىچىنى ئاجايىپ جانلاندۇرۇپ، بۇ يەرنى خۇددى «فرونت» قا ئوخشىتىپ قويغانىدى.

— سىلەر كۆرۈۋاتقان ۋوگزال مەيداندىكى بۇ گۈزەل مەنزىرىلەر بىر ئاي ۋاقىت سىڭدۈرگەن ئەجرىمىزنىڭ مېۋىسى، — دېدى قەشقەر شەھەرلىك 1- بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ يۈئاۋېن جىڭلىسى مۇھەممەتتۇرسۇن سورىغان سوئالىمىزغا جاۋابەن، — شىركىتىمىز ئىشچىلىرى قەشقەر شەھەرلىك شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇش شىركىتىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن بىللە بىر ئاي

سۆزلەپ بەرسىڭىز قانداق؟— دېدۇق بىزنى كۈتۈش بىلەن ئاۋارە
بولۇۋاتقان شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قۇرۇلۇش
1- شىسى تۆمۈريول قوماندانلىق شتابىنىڭ ئىنژېنېرى گۇ بۈچىڭنى
ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ.

ئېگىز بويى، قارىمۇتۇق كەلگەن بۇ كىشى بىزگە قىزغىنلىق
بىلەن ئەھۋال تونۇشتۇرۇۋېتىپ، ئالدى بىلەن ۋوگزالنىڭ ئىسسىق-
لىق يەتكۈزۈش ئورنى بىلەن ۋوگزال رېمونتخانىسىنى كۆرۈپ كېلى-
شىمىزنى تەكلىپ قىلدى.

بىز چىققان ئاپتوموبىل ئېگىز - پەس دۆڭلۈكلەردىن ئۆتۈپ
ئېگىز تۇرخۇن ئورۇنلاشقان بىر بىنا ئالدىدا توختىدى. مانا بۇ ۋوگ-
زالنىڭ ئىسسىقلىق يەتكۈزۈش ئورنى ئىدى. بىز پار قازىنى ئو-
رۇنلاشتۇرۇلغان زالغا كىرگىنىمىزدە، پار قازان ئىشچىلىرى جىد-
دىي ئىشلەۋاتاتتى، پار قازىنى ئوچىقىغا كۆمۈر توشۇشتىن تارتىپ
قازان تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەشكە قەدەر پۈتۈن ئاپتوماتلاشقان بۇ جايدا
ئىشچىلارنىڭ بەزىلىرى چوڭ كۇلۇچلار بىلەن پار قازىنى تۇرۇبىسى
بىلەن ھەپىلەشسە، يەنە بەزىلىرى قوشۇمچە ئەسلىھەلەرنى ئورنىتىۋا-
تاتتى.

ئىگىلىگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا، قەشقەردە تېمپېراتۇرىنىڭ تۆ-
ۋەنلىشى بىلەن تۆمۈريول ئىشچىلىرى قۇرۇلۇش سۈپىتىگە كاپالەتلىك
قىلغان ئاساستا، ئىسسىقلىق يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى جىد-
دىي ئىشلىگەن ۋوگزال ئومۇمىي گەۋدىسىنىڭ ئىسسىنىش مەسىلىسى-
نى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئالتە
توننىلىق پار قازىنىدىن ئۈچنى، ئىككى توننىلىق پار قازىنىدىن
ئىككىنى 1967 كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى بۇ پار قازىنى رايونىغا
ئورۇنلاشتۇرۇپ ۋە قوشۇمچە ئەسلىھەلەرنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ، 11-
ئاينىڭ 20- كۈنىدىن باشلاپ ۋوگزال رايونىغا ئىسسىقلىق يەتكۈزۈش-
نى باشلىغان ھەمدە باشقا قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ۋاقتىدا تاماملىنىشى
ئۈچۈن ئازادە مۆھلەت ياراتقان.

بىز گۇ بۈچىڭنىڭ يول باشلىشى بىلەن ۋوگزال رېمونتخانىسىنى

ۋاڭ شياڭ.

ئومۇمىي كۆلىمى 8458 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان، بەش قەۋەتلىك ۋوگزال بىناسى — يۈتكەش - توشۇش زالى، پويىز قاتنىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۆيى، كۈتۈش زالى، بېلەت سېتىش ئورنى، ئىشخانا، يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن مېھمانخانا، سودا سارىيى، رېستوران قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، قەشقەردىكى بىردىنبىر زامانىۋى بىنالاردىن ھېسابلىنىدىكەن. ئاخىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى كورلا - قەشقەر بۆلىكى قوماندانلىق شتابىنىڭ قۇرۇلۇش تېخنىكا خادىمى يولداش جۇجۇن ماۋۇلارنى قوشۇپ قويىدى. ھازىرغا قەدەر قەشقەر ۋوگزال رايونىدا كۆلىمى 50 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئاشىدىغان 100 دىن ئارتۇق بىنا قەد كۆتۈردى. كۆلىمى 1966 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان پار قازىنى رايونىمۇ ئىشقا چۈشتى. ۋوگزال بىناسىنىڭ تېلېفون ئالاقىسى، ئىسسىنىش ئۈسكۈنىلىرىنىمۇ ئەمەلگە بولدۇق. ئاخىرقى باسقۇچلۇق تەييارلىق خىزمەتلىرى جىددىي ئىشلەنمەكتە.

بىز 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى بەخت يولىنىڭ غەربىي چېكىسىدىكى قارارگاھ — قەشقەر ۋوگزالىدىكى زىيارىتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇپ قايتقان بولساقمۇ، «بەخت يولى» دىكى گۈدۈك ئاۋازى قۇلىقىمىز تۈۋىدىن نېرى كەتمەيتتى.

1999 - يىل نويابىر

## ئارقا سەپتىكى «جەڭگاھ» (2)

1999 - يىل 11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى قەشقەر ۋوگزالىغا قەدەم باسقىنىمىزدا، بىزنى جەلپ قىلغىنى — ئۇ يەر - بۇ يەردە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان گىبل رەڭ بىنالار بولدى. كەچ كۈزنىڭ شەپەق نۇرى كەلگەن كەتكەن دالىنى ئالتۇن رەڭگە پۈركىگەنىدى.

— بىزگە ۋوگزالنىڭ ئارقا سەپ خىزمىتى توغرىسىدا ئازراق

مېۋىسى، — دېدى بىزگە يول باشلاپ كەلگەن شىنجاڭ ئىشلەپچىقىر-
رىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قۇرۇلۇش 1- شىسى تۆمۈريول قوماندا-
لىق شتابىنىڭ ئىنژېنېرى گۇ بۇچيڭ سورىغان سوئالىمىزغا
جاۋابەن، — ھازىر قۇرۇلۇشقا مەسئۇل تارماقلارنىڭ ئەتراپلىق پىلان-
لىشى، قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇنلارنىڭ جاپالىق ئىشلىشى نەتىجى-
سىدە، ئىستانسا ئومۇمىي گەۋدە قۇرۇلۇشى ئاساسىي جەھەتتىن پۈ-
تۈپ، ئىشلىتىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. سىلەر ئالدى بىلەن بۇ
قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىنى زىيارەت قىلىپ چىقىڭلار، ئاندىن ئومۇمىي
ئەھۋال توغرىسىدا پاراڭلىشارمىز.

بىز ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ، ۋوگزال تەرەپكە قاراپ يول
ئالدۇق.

— ۋاي - ۋۇي، كىشىلەرنىڭ ئۇچۇر قارىشى ھەقىقەتەن يېڭىلە-
نىپتۇ جۇمۇ، — دېۋەتتى بىز بىلەن ھەمراھ بولۇپ چىققان خىزمەتدى-
شىمىز ھاياجىنىنى باسالمىغان ھالدا بۇ يەردە شەكىللەنگەن كىچىك-
كىنە بازارغا قاراپ. دەرۋەقە ۋوگزال مەيدانىغا كىرىش ئېغىزىدىكى
100 مېتىرچە يولنىڭ ئىككى قاسنىقىغا تېلېفون، چەرچىنمال بوتكى-
لىرى قويۇلغان بولۇپ، يەنە بىر قىسىم تىجارەتچىلەر يېڭىدىن بوتكا
ئورنىتىۋاتاتتى.

بىز ۋوگزالنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى بىر قىسىم قۇرۇلۇشلارنى
كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتۇق. بىنالارنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك توك،
سۇ، پار يوللىرى يۈرۈشلەشتۈرۈلۈپ بولغانىدى.

ئۇقۇشىمىزچە جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ كورلا - قەشقەر
بۆلىكى قۇرۇلۇشىنى ئۈستىگە ئالغان تۆمۈريول مىنىستىرلىقى 15-
قۇرۇلۇش ئىدارىسىدىكى ئىشچىلار بۇ يىل 5- ئاينىڭ 6- كۈنى
جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ قەشقەر ۋوگزالىغا تۇتىشىدىغان ئەڭ
ئاخىرقى رېلىسنى ياتقۇزغاندىن بۇيان، «تۆمۈر ئەجدىھا» نىڭ گۈدۈك
ئاۋازى ۋوگزال ئەتراپىدىكى يەرلىك كىشىلەرگە خۇددى تاڭ خورىزى
چىللىغاندەك يېڭى ھايات مۇساپىسى باشلىنىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بەر-
سە، نەچچە ئون قېتىملىق يۈك پويىزىدا توشۇپ كېلىنگەن كۆمۈر،
خىمىيىۋى ئوغۇت قاتارلىقلارنىڭ مىقدارى كىشىلەرنى تاڭ قالدۇر-
غان. بۇ يەردە قۇرۇلۇش قىلىۋاتقان خادىملار قۇرۇلۇش سۈرئىتىنى

60 ـ يىللاردا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەن، چاچلىرىغا ئاق سانجىلغان بۇ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى كورلا ـ قەشقەر بۆلىكى ئومۇمىي لىنىيىسىدە قاتناش باشلىنىش هارپىسىدا — 1999ـ يىل 12ـ ئاينىڭ 1ـ كۈنى قىلغان زىيارىتىمنى قوبۇل قىلىپ، «قەشقەرگە پويىز كەلسە، يېزا ئىگىلىك 3ـ شىسى قانداق ياخشى پۇرسەتلەر بىلەن تەمىن ئېتىلىدۇ؟» دەپ سورىغان سوئالىمغا جاۋابەن ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماۋۇلارنى سۆزلەپ بەردى:

جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى كورلا ـ قەشقەر بۆلىكى ئومۇمىي لىنىيىسىدە قاتناشنىڭ باشلىنىشى يېزا ئىگىلىك 3ـ شىسىدىكى هەر مىللەت بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش جەڭچىلىرى ئۈچۈن كاتتا بىر ئىش، شۇنداقلا بىز ئۇزاقتىن بۇيان تەقەززا بولۇپ كەلگەن خۇشاللىق. تۆمۈريولنىڭ يېزا ئىگىلىك 3ـ شىسىغا ئېلىپ كەلگەن تەرەققىيات پۇرستى غايەت زور. ئۇ ئاساسەن تۆۋەندىكىلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچىدىن، پويىز يولى قارىمىقىمىزدىكى «قىزىل بايراق» دېھقانچىلىق مەيدانى، پەيزاۋات باش مەيدان، 51ـ، 53ـ تۇەن ـ مەيدانلىرىنى كېسىپ ئۆتكەچكە، قاتناش شارائىتىمىزنىڭ ياخشىلىنىشىغا قىلىسىغمايدۇ. ئىلگىرى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش جەڭچىلىرىمىزنىڭ قاتناش ـ ئالاقە جەھەتتىكى قىيىنچىلىقى خېلى ئېغىر ئىدى، ئۇلار ئاتا ـ ئانىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى يوقلاشتا قاتناش ئاۋارىچىلىكى تارتاتتى. هالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە پويىز بىلەن ئېلىمىزنىڭ هەرقايسى جايلىرىغا مۇشۇ يەردىن بارالايدىغان بولدۇق. بۇ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش جەڭچىلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشقان ئارزۇسى.

ئىككىنچىدىن، پويىز بىلەن بازارغا يۈزلىنىدىغان يولىمىز يەنىمۇ داغداملاشتى. يېزا ئىگىلىك 3ـ شىسى بويىچە يىلىغا 10 مىڭ مودىن ئارتۇق يەرگە قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىمىز، 1 مىليون دەن پاختا ئىشلەپچىقىرىمىز، 30 مىڭ توننىدىن ئارتۇق ئالما، ئامۇت مەھسۇلاتى ئالىمىز. بۇنىڭدىن باشقا 3ـ شى بويىچە 530 مىڭ تۇياق چارۋىمىز بار، 40 مىڭ ئائىلىنىڭ كۆپ قىسمى بورداقچىلىق كەسپى بىلەن

تېزلىتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى كورلا ـ قەشقەر لىنىيىسىدە رەسمىي پويىز قاتنىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشقان. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى ۋە ۋىلايىتىمىزنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى تۆمۈريول قۇرۇلۇشى خىزمىتىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. بۇ يىل 10- ئايدا ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريول قۇرۇلۇش شتابىنىڭ رەھبەرلىرى لايىھىلەش، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش خادىملىرى ھەمدە قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن نەق مەيداندا ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىپ، قەشقەر ۋوگزالىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلۇق قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپ، قۇرۇلۇش خىزمىتىنى ئۈزۈلدۈرمەي تاماملاشتۇرغان. بۇنىڭ بىلەن 11- ئاينىڭ 20- كۈنىگىچە پۈتكۈل ۋوگزالدا ئېلىپ بېرىلغان ئىسسىقلىق يەتكۈزۈش تورى قۇرۇلۇشى، ۋوگزال مەيدانىنى قاتتىقلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، سۇ بىلەن تەمىنلەش، پاسكىنا سۇنى بىر تەرەپ قىلىش قۇرۇلۇشى، توك، تېلېفون سىم يوللىرى قۇرۇلۇشى، ساقچىخانا قۇرۇلۇشى، ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش قۇرۇلۇشى، ۋوگزال رېمونتخانىسى قۇرۇلۇشى قاتارلىق 71 مىڭ كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى 121 قۇرۇلۇش تۈرىدىن 98 تۈر تاماملىنىپ، ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇپ بېرىلگەن. تېخنىكىلىق تەلىپى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان بىر قىسىم قۇرۇلۇشلار زىنننەتلەش باسقۇچىغا كىرگەن.

1999- يىل نويابىر

## بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش جەڭچىلىرىنىڭ
## يۈرەك سۆزى (4)

— پويىز يولى — بەخت يولى. بەخت يولى يالغۇز قەشقەر ۋىلايىتىگە بەخت ئاتا قىلىپلا قالماي، بىزگىمۇ بەخت ئاتا قىلدى، — دېدى يېزا ئىگىلىك 3- شىسىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى ھامۇتجان ئۆكتەم سۆھبىتىمىزنىڭ بېشىدىلا، — تۆمۈريولنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش جەڭچىلىرىگىمۇ ئېلىپ كېلىدىغان شەپقىتى ھەقىقەتەن زور.

## ئىشىكىمىزگە پويىز كەلدى، ئۆيىمىزگە بەخت كەلدى (5)

— پويىز يولى يېزىمىز تەۋەسىدىن 18.7 كىلومېتىر زېمىننى كېسىپ ئۆتىدۇ. ئىشىكىمىزگە پويىز كەلدى، ئۆيىمىزگە بەخت كەلدى، دېگەن گەپ، — دېدى كونىشەھەر ناھىيە بەشكېرەم يېزىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇلئېزىز مۇھەممەتئىمىن زىيارەت قىلىش مەقسىتىمنى چۈشەنگەندىن كېيىن، — بەخت يولىنىڭ گۈدۈكى ياڭراپ تۇرسا، بەختكە تەشنا كۆزلەر بەخت يولىدىن بەخت ئىزدىمەي، تۆشەك دېگەن «تەخت»تە ئۇخلاپ ياتامدۇق دەيسىز، مۇخبىر؟

— پويىز كەلسە، بەشكېرەم دېھقانلىرى يېڭى بېيىش يولى بىلەن تەمىن ئېتىلىدىكەن. ئۇنداقتا سىزگە ئوخشاش «يۇرتبېشى» بولغان كىشى يۇرت خەلقى ئۈچۈن نېمە ئىشلارنى قىلىپ بېرىشى كېرەك، سىز نېمىلەرنى قىلىپ بەرمەكچى بولۇۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدىمەن زىيارىتىمنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەقسىتىدە.

1999- يىل 12- ئاينىڭ 4- كۈنى يېزا باشلىقى ئابدۇلئېزىز مۇھەممەتئىمىننى قىلغان زىيارىتىم مۇشۇ سوئالغا جاۋابەن باشلىنىپ كەتتى:

— جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى لىنىيىسىدە قاتناشنىڭ ئومۇميۈزلۈك باشلىنىشى بىز بەشكېرەملىكلەرنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان كېچە - كۈندۈزلەپ تەلمۈرۈپ كۈتكەن ئارزۇسى، بۇ ئارزۇيىمىز ئاخىر ئەمەلگە ئاشتى. پويىز كېلىپ بىزگە يېڭى بېيىش پۇرسىتى ئاتا قىلدى. «يۇرتبېشى» بولغان كىشى بۇ پۇرسەتنىڭ قەدرىگە يەتمەسەك بولامدۇ؟ بىز پويىزدىن ئىبارەت بۇ شەرق شامىلىدىن پايدىلىنىپ، يۇرتىمىز ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرنى ئىشلەپ بەرمەكچى:

بىرىنچىدىن، مېۋە - چېۋىمىزنى بازارغا — ئىستېمال ئىگىلىكىدىن تاۋار ئىگىلىكىگە، بازار ئىگىلىكىگە يۈزلەندۈرىمىز. يۇرتىمىز تارىختىن بۇيان «مېۋە - چېۋە ماكانى» دەپ ئاتىلىپ، مۇنداق تەرىپ-

شۇغۇللىنىپ، تاۋار گۆش ئىشلەپچىقىرىدۇ، ھەرقايسى تۈەن - مەيدان-
لاردا مەخسۇس بورداقچىلىق ئائىلىلىرى، نۇقتىلار بار. ئۇلارمۇ
كۆپلەپ تاۋار گۆش ئىشلەپچىقىرىپ، بازارنى تەمىنلەيدۇ. شوركۆل،
ئويتوغراق قاتارلىق يەتتە سۇ ئامبىرىمىز بولۇپ، بېلىقچىلىق ئىگە-
لىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا شارائىتىمىز ياخشى؛ يىلىغا يەنە 10
مىڭ توننىدىن كۆپرەك چوچۇكبۇيا يىلتىزى ساتالايمىز. مانا بۇلارنىڭ
ھەممىسى بازار ئارقىلىق تەڭشىلىدۇ، بازار ئارقىلىق سېتىلىدۇ،
بازار ئارقىلىق كىرىم قىلىنىدۇ، بازار ئارقىلىق ئىقتىسادىي ئۈنۈم
يارىتىلىدۇ. تۆمۈريولى مانا مۇشۇ مەھسۇلاتلارنى بازارغا ئاپىرىشتىكى
بىردىنبىر داغدام يول. بۇ داغدام يول يېزا ئىگىلىك 3- شىسىنىڭ
يېزا ئىگىلىكى، سانائەت، سودا، مۇلازىمەت ۋە باشقا قوشۇمچە كە-
سىپلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭ تۈرتكە بولۇپ، ئىقتىسادىي، ئىجتە-
مائىي تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىشتە يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ.
ئۈچىنچىدىن، تۆمۈريولى ئارقىلىق ئىختىساسلىق خادىملارنى
جەلپ قىلىش، پەن - تېخنىكا، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىمىز
راۋاجلىنىدۇ. يېزا ئىگىلىك 3- شىسى بىپايان گۆھەر زېمىن. بۇ
زېمىننى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن بىزگە مىڭلىغان، ئون مىڭلى-
غان ئىختىساسلىق خادىملار كېرەك. ئۆزىمىزنىڭ يەر بايلىقى ئەۋزەل-
لىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرىمىز دەيدىكەنمىز، ئىچكى
ئۆلكە ۋە باشقا جايلاردىكى ئالدىن بېيىغان خادىملار، ئىختىساسلىق
خادىملارنى بۇ يەرگە جەلپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ تېخنىكىسى، مەبلىغى-
دىن پايدىلىنىپ، ئۆزىمىزنى ھاللاندۇرۇشىمىزغا، بېيىتىشىمىزغا
توغرا كېلىدۇ، تۆمۈريولى بۇ جەھەتتە بىزگە ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ
بەردى. بىز جايلار بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ئىختىساسلىق
خادىملارنى كۆپلەپ جەلپ قىلىپ يۇرتىمىزنىڭ قىياپىتىنى يېڭىلاپ،
ھاللانغان بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش جەڭچىلىرىنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا
كېلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم.

1999- يىل دېكابىر

زۇلماي، ساق يېتىپ بارىدۇ. بىز پويىزدىن ئىبارەت مۇشۇ ئەۋزەل شارائىت، ئەۋزەل پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، دېھقانلارنى كۆپلەپ باغ بىنا قىلىشقا، مېۋە سورتلىرىنى ياخشىلاشقا، ئەلا سۈپەتلىك تاۋار گۆش ئىشلەپچىقىرىشقا جەلپ قىلىپ، بازارنى ئىگىلەپ كىرىمنى ئاشۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بېيىش قەدىمىنى تېزلىتىمىز.

ئىككىنچىدىن، ھازىر يېزىمىزدىن چىقىپ ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر (ناھىيە) لەردە تىجارەت قىلىپ كېلىۋاتقان 2000 دىن ئارتۇق كىشى بار. ئۇلار ھەر خىل چوڭ ـ كىچىك تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مىليونېر بولسا، بەزىلىرىنىڭ 10 — 20 مىڭ يۈەن پۇلى بار. ئۇلار نېمىلا بولمىسۇن مۇشۇ يۇرتنىڭ پەرزەنتلىرى. ئۇلاردا مۇشۇ يۇرتنى گۈللەندۈرۈش، مۇشۇ يۇرتنى ئاۋاتلاشتۇرۇش ئويى بار. ئۇلارنى ئۇچۇر ئىگىلەشكە، تېخنىكا ئىگىلەشكە يېتەكلەپ، ئەۋزەل شارائىتىمىزدىن پايدىلىنىپ، ئالاقىنى كۈچەيتىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ تىجارەت تۈرلىرى كۆپىيىپ، تىجارىتى روناق تېپىپ، يۇرتىمىزنىڭ قىياپىتىنى يېڭىلاش ئۈچۈن چوقۇم تېگىشلىك تۆھپە قوشالايدۇ. پويىز يولى بۇ جەھەتتە بىزگە چوڭ ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بەردى. يۇرتىمىزنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، مۇشۇ ئەۋزەل شارائىتنى چىڭ تۇتۇپ، مەبلەغ جەھەتتىكى قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەبلىغىدىن پايدىلىنىش يولىنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغانلا بولساق، يۇرتىمىزنىڭ ئىقتىسادىنى يەنە بىر بالداق ئالغا ئىلگىرىلىتىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرالايمىز.

1999 ـ يىل دېكابىر

لىنىپمۇ كەلگەن:

«بەشكېرەمنىڭ باغلىرى كۆپ،
ئۇندا بار ئەنجۈر، ئانار.
شەربىتى قەنتتىنمۇ تاتلىق،
يېسىڭىز تىلنى يارار...»

هازىر يېزىمىز بويىچە 25 مىڭ مودىن ئارتۇق يەردە باغ بار، يىلىغا 6000 توننا ئانار، 8000 توننا ئۈزۈم، 10 مىڭ توننا ئۆرۈك، ئامۇت مەھسۇلاتى ئالىمىز. ئۇنىڭدىن باشقا ئەنجۈر، شاپتۇل، توغاچ، پىستە - بادام قاتارلىقلارنىڭمۇ مەھسۇلاتى يامان ئەمەس. يىلىغا باغۋەنچىلىكتىنلا 17 — 18 مىليون يۈەن كىرىم قىلىمىز. كىرىمىمىزنىڭ كۆپ قىسمى باغۋەنچىلىكتىن كەلگەچكە، ئىشنى باغۋەنچىلىكنى چىڭ تۇتۇشتىن باشلىدۇق. باغ كۆلىمىنى يەنە 10 مىڭ مو كۆپەيتىشنى ئويلاپ، يېقىنقى بىرنەچچە يىل ئىچىدە 3 مىليون يۈەنگە يېقىن مەبلەغ سېلىپ، يېڭىدىن 3000 مو يەردە باغ ئەھيا قىلىپ، ئۇنىڭغا ئانار، ئۈزۈم تېلى كۆچەتتى قويدۇق. هازىر يېزىمىز بويىچە 40 — 50 مو يەردە باغ بىنا قىلغان ئائىلىلەر بارلىققا كەلدى. بۇنىڭدىن باشقا يېزىمىزدا 60 مىڭ تۇياق چارۋا بولۇپ، تاۋار چارۋا ئىشلەپچىقىرىدىغان ئائىلىلەر كۈندىن - كۈنگە كۆپەيمەكتە. يېزىمىز بويىچە يىلىغا 30 مىڭ تۇياق چارۋا بورداپ چىقىرالايمىز. بازارنى 900 توننا گۆش بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتىمىز. يېزىمىز بويىچە يىلىغا 500 تۇياق چارۋا بورداپدىغان ئائىلىدىن 100 نەچچىسى بارلىققا كەلدى، 6000 ئائىلىنىڭ 25%ى بورداقچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇرۇن قاتناش قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن يۇقىرىدىكى مەھسۇلاتلىرىمىزنى قوشنا ۋىلايەت، ئىچكىرى ئۆلكە ۋە سىرتقا چىقىرىشتا ئاۋارىچىلىك تارتاتتۇق. هازىر ئىشىكىمىز ئالدىغا پويىز كەلدى، توشۇش شارائىتىمىز ياخشىلاندى، ئۇنىڭ ئۈستىگە توشۇش ھەققىمۇ تۆۋەنلىدى. پويىز سىنىق ماڭغاچقا، نازۇك مېۋىلىرىمىز كۆزلىگەن نىشانغا بۇ-

چوڭقۇرلۇقى، چەكسىزلىكى بارغانسېرى كۆز ئالدىمدا نامايان بولماقتا. 2000- يىل 8- ئاينىڭ باشلىرىدا بىز بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭگو تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 65- يىللىق 2- سىنىپتىكى ھەر مىللەت ساۋاقداشلار مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ «بىر تىزىق مارجان بىر دەستە گۈلدەك، ئۆتكەن ئىدۇق ساۋاقداش بولۇپ، ئەمدى بىز بۇگۈن ئايرىلار بولدۇق، جۇدالىق يېشى كۆزلەرگە تولۇپ...» ئايرىلىپ، 30 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ۋەتىنىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن يەنە بېيجىڭغا — ئانا مەكتىپىمىزگە يىغىلدۇق. مەنمۇ شۇ 40 نەپەر ساۋاقداشنىڭ بىرسى قاتارىدا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى قەدىمىي شەھەر — قەشقەردىن بېيجىڭغا كېلىپ، بۇ تەسىرلىك مەنزىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈش، ساۋاقداشلىق مېھرىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى بىۋاسىتە ھېس قىلىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولدۇم. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مېنىڭ مۇھەببەتكە بولغان يېڭى تونۇشۇم يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتى.

8- ئاينىڭ 12-، 13- كۈنلىرى ئەينى چاغلاردىكى بۇرۇتى خەت تارتمىغان يىگىتلەر، سېكىلەك چاچ قىزلاردىن ھازىرقى تاقىرباش «قېرىلار»، پېشانىسىنى قورۇق باسقان ئانىلار كوللېكتىپى، مەكتەپ قورۇسىنى بېشىمىزغا كىيدۇق، كەڭ - كۇشادە سەيلە قىلدۇق، سۆھبەت يىغىنلىرى ئېچىپ، «قالدى ئەسلىمە ياتاق، سىنىپتا، قالدى رىشتىمىز باغلانغان ماكان»دا 30 يىللىق ھايات مۇساپىمىزنىڭ نەتىجىلىرىنى ئىزھار قىلىشتۇق، بېيجىڭنىڭ مەشھۇر سەيلىگاھلىرىدىن — تيەنئەنمېن مەيدانى، خان سارىيى، يېخېيۈەن، بىخەي، يۈەنمىڭيۈەن باغچىلىرى قاتارلىقلارنىڭ مەنزىرىسىدىن قانغۇچە ھۇزۇرلاندۇق، ئەينى يىللاردىكى تەربىيىچىلەر، دەرس ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنى يوقلىدۇق. ۋاقىت قىس بولسىمۇ، بۇ مىنۇتلار بىزدە چوڭقۇر تەسىراتلارنى قالدۇردى. باشقىسىنى قويۇپ تۇرايلى، پۈتكۈل يىغىلىش، ئۇلتۇرۇشىمىزنىڭ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، چوڭقۇر ساۋاقداشلىق مېھىر - مۇھەببەت ھەممىمىزنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. ئۆزىمىزنىڭ ھازىرقى ياش قۇرامىمىزنى

# «كەتسەكمۇ يىراق - يىراق جايلارغا، بىزلەر ساۋاقداش، ساۋاقداش هامان»

بىزدە قەدىمكىلەردىن قېپقالغان: «مۇھەببەت — مەڭگۈلۈكتۇر، مۇھەببەت — ئادەملەر هايات چاغدىمۇ، ئۆلگەندىمۇ بىر - بىرىگە هەمراھ بولۇش دېمەكتۇر» دەيدىغان گەپ بار. بىراق، مۇھەببەت تىلغا ئېلىنسا چاچلىرى ئۆچتەك ئاقارغان، يۈزلىرىنى قورۇق باسقان چاغلىرى ئادەمنىڭ خىيالىغىمۇ كىرمەيدۇ. مەن بۇ قېتىم بىر قېتىم-لىق ئۇنتۇلغۇسىز ئولتۇرۇش - يىغىلىشتىن كېيىن «مۇھەببەت» دېگەن بۇ سۆزنىڭ تېخىمۇ كەڭ مەنىسىنى چۈشەنگەندەك بولۇۋاتىمەن. مېنىڭچە مۇھەببەتنىڭ بولۇش - بولماسلىقى ئادەم بىلەن هايۋاننى پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان بەلگە بولۇشى مۇمكىن. مۇھەببەتنىڭ چوڭ-قۇر بولۇش - بولماسلىقى كىشىلەرنىڭ ياش قۇرامىغا باغلىق ئەمەس. مۇھەببەت نوقۇل هالدا ياشلارغا خاس نەرسىمۇ ئەمەس. بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلار ئۆتكەن كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇھەببەت بەلكىم تېخىمۇ كۆپ قىممەتلىك مەنىگە ۋە چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ خۇددى ئىنسان ئۆمرىنىڭ هاياتلىق ئاسمىنىدا چاقنىغان چولپان يۇلتۇزغا ئوخشايدۇ.

مەن يۇقىرىدا تىلغا ئالغان مۇھەببەت قىز - يىگىتلەر ئوتتۇرىسى-دىكى مۇھەببەتتىن باشقا ساۋاقداشلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت، ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت، مىللەت-لەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق مۇھەببەتنىڭ

ئۇستازلىرىمىزنى، دەرس ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنى يىغىن
لىپ قىلىپ كېلىپ، دوكلاتىنى ئاڭلىدۇق، تەسىراتلى
تۇرىغا قويۇشتۇق، زىياپەتتە قورۇنماي ئولتۇرۇپ مۇڭ
نى بەكمۇ خۇشال قىلغىنى — سابىق مەملىكەتلىك خەتتا
تىنىڭ رەئىسى، بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى
ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ دوكتور يېتەكچىسى، مەملى
سى مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ب
دەم پروفېسسور ئۇستازىمىز چى گوڭ ئەپەندىنىڭ بىز ب
قىنى بولدى. چى گوڭ ئەپەندى مەدەنىيەت زور ئىنقىلا
بىزنىڭ سىنىپىمىزغا يېتەكچىلىك خىزمىتىگە تەقسىم
لۇپ، ئۇ چاغلاردىكى «بىلىملىك بولغانسېرى ئەكسىيەتچ
«ھەممىنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ» ، «ھەممىنى يوقىتىش»
نىپىمىزدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھۆرمىتى ۋە ھىمايىسىگ
دى. شۇڭا، چى گوڭ ئەپەندىنىڭ سىنىپىمىزدىكى
نىسبەتەن ئالاھىدە مېھىر - مۇھەببىتى بار ئىدى. ئۇ
داۋالىنىۋاتقان بولسىمۇ، سىنىپىمىزدىكى ساۋاقداشلار
كېلىپ، مەكتەپكە يىغىلغانلىقىنى ئاڭلاپلا كۆرۈشكىلى
90 غا ئۇلاشقان بۇ مويسىپىت نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار
كۆرۈشكەن ھامان ئېسىگە ئالالىدى. مەن بىلەن كۆرۈش
جاڭلىق ساۋاقداش ھاجى» دېدى (مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان
نزۇ ساۋاقداشلار ئىسمىمنى قىسقارتىپ ھاجى دەپ ئاتاي
داشلار بۇ مويسىپىت بىلەن بىللە سۈرەتكە چۈشتۇق
ئۈچىنچىدىن، سىنىپىمىزدىكى ھەر مىللەت سا
مېھىر- مۇھەببىتى قەلبىمىزدىكى بىر. بىرىمىزگە بو
ھۆرمىتىمىزنى يەنىمۇ ئاشۇردى. مىللەتلەر ئارىسىدىك
ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىقنىڭ گۈللىرىنى يەنىمۇ ئېچىل
تەڭرىتاغ ياكى تەيخاڭشەن ئېتىكىدىن كېلەيلى، مەيلى
دەرياسى بويىدىن ياكى ئوتتۇرا جۇڭگو تۈزلەڭلىك
ھەممىمىز ئورتاق مۇڭداشتۇق.

ئۇنتۇپ، جۇشقۇن ياشلىق باھارىمىزغا يېڭىۋاشتىن قايتقان بولدۇق. خاسىيەتلىك ياز ئايلىرى ئاخىرلىشىپ، ئالتۇن كۈز يېتىپ كېلەي دېگەن بولسىمۇ، بېيجىڭدىكى تومۇز ئىسسىقنىڭ تەپتى يەنىلا خېلى كۈچلۈك ئىدى. ھالبۇكى، ئۇنى بىزنىڭ قەلبىمىزدە لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ساۋاقداشلىق مېھىر - مۇھەببىتىگە سېلىشتۇرغاندا تومۇز ئىسسىقى بىزنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىمىزنى بېسىپ چۈشەلمەيتتى.

بىرىنچىدىن، ساۋاقداشلىق مېھىر - مۇھەببىتىمىز ئىنتايىن قويۇق بولدى. بۇنىڭدىن 35 يىل بۇرۇن ۋەتىنىمىزنىڭ ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلىرىدىن پايتەختىمىز — بېيجىڭغا كېلىپ ئوقۇغان، مەكتەپ پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئارقا - ئارقىدىن خىزمەت ئورۇنلىرىغا بېرىپ رەھبىرىي كادىر ياكى تايانچ خادىم بولغان، ئەمدىلىكتە «مۇھىم ئەرباب» لاردىن بولۇپ قالدۇق دېسەممۇ بولىدۇ. بىراق، بىز قايتا ئۇچراشقان چاغلاردا، ئەينى ۋاقىتتىكى «گۆدەك، بەڭۋاش» ۋاقتىمىزغا قايتىپ كەلگەندەك بولۇپ قېلىۋاتىمىز، قايسىبىرىمىزنىڭ بېشىدا قانچىلىك «چوڭ ئەمەل» تاجلىرىنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەيلى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ شۇجىسى، مۇدىرى ياكى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى بولايلى، ئاخبارات - نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ باش مۇھەررىرلىرى، توم- توم كىتاب يازغان پروفېسسور، يازغۇچىلاردىن بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، بىر- بىرىمىز بىلەن ئۇچراشقان ھامان، ياشلىق چاغلىرىمىزدىكى ئىسىملىرىمىزنى ئاتىشىپ، «لەقەم» لىرىمىزنى توۋلىشىپ، بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك قىزغىن كەيپىياتقا چۆمۈلدۇق. ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىمىزدىكى ئارازچىلىقلار يەتتە قات ئاسماننىڭ قەرىگە چۆرۈۋېتىلدى. ئارىمىزدا پەقەت ئەسلەپ تۈگەتكۈسىز قىزىقارلىق ئىشلار، ھاياجانلىق كەچۈرمىشلەر، پۈتمەس - تۈگىمەس مېھىر - مۇھەببەت ساقلىنىپ قالغانىدى.

ئىككىنچىدىن، ئۇستازلار، ئوقۇتقۇچىلار بىلەن شاگىرتلار، ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەت قويۇق بولدى. ئۇچرىشىش مەزگىلىدە، ساۋاقداشلارنىڭ ئەڭ ئالدى بىلەن ئەسلەيدىغىنى — ئوقۇتقۇچىلارنى ئۆز خۇشاللىقىدىن تەڭ بەھرىمەن قىلىش بولدى.

# دولانلىقلار ماڭغان يوللار

(چاتما زىيارەت خاتىرىسى)

## «دۆلەتباغلىقلارنىڭ دۆلىتى كەلدى» (1)

بەش يىل ئىچىدە دۆلەتكە 5000 دەنگە يېقىن پاختا سېتىپ بېرىپ، پاختىدىنلا 1 مىليون يۈەنگە يېقىن پۇل كىرىم قىلغان بۇ پاختىكار دېھقاننى بىز تراكتورغا كېۋەز بېسىۋاتقان يېرىدىن تاپتۇق.

— ئوسمان هاجى ئاكا، بۇ يىل دۆلەتباغلىقلارنىڭ پاختىدىن راستىنلا دۆلىتى كەلدى جۇمۇ، ئۆزلىرىمۇ بۇگۈن يەنە تراكتورغا 10 توننىدەك كېۋەز باسقاندەك قىلىملا، يەنە 30 مىڭ يۈەن پول «قومۇرۇش» تا گەپ يوقتەك قىلىمدۇ، — دېدى بىزنى باشلاپ كەلگەن يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى جۇمە ئىبراهىم، — هەرنېمە دېگەنبىلەن زېمىن ئىشلىگەن ئادەمنىڭ مېھنىتىنى يەردە قويمايدۇ.

60 ياشتىن هالقىغان، ئوتتۇرا بوي، يۈزى شاختا پىشقان چىلاندەك قىزارغان، تۇرقىدىن پەم - پاراسەتلىكلىكى چىقىپ تۇرىدىغان بۇ پىشقەدەم دېھقان كېۋەز قاچىلانغان تاغىرىنى تراكتورغا بېسىۋاتقان يېرىدە ئاستا قويىدى - دە، قوللىرىدىكى توپىنى قېقىۋېتىپ، بىز بىلەن بىر - بىرلەپ كۆرۈشتى.

— ئۆزلىرىنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىشتىكى تەجرىبىلىرىدىن گېزىتكە ئاز - تولا بىرنېمە يازايلى دەپ كېلىشىدۇق، — دېدۇق بىز ئۆزىمىزنى تونۇشتۇرۇپ.

كېۋەز ئۆتكۈزىدىغان گەپ. بۇ يىل كېۋىزىمىز نىسبەتەن ئوخشىدى. پاختىدىنلا 300 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىشىمدا گەپ يوق.

ئوسمان ھاجى ئاكىنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ بېرىشىچە، ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىشىغا بولغان قىزغىنلىقى 90- يىللارنىڭ بېشىدىن باشلانغان. ئوسمان ھاجى ئاكا ئۆز ئائىلىسىنىڭ چۆلگە يېقىن بولۇشتەك ئەۋزەل شارائىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ قوللىشى بىلەن بوز يەر ئېچىشنى باشلاپ، 1993- يىلىدىن 2000- يىلىغىچە بولغان يەتتە - سەككىز يىل جەريانىدا 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل سەرپ قىلىپ تېرىلغۇ يەر كۆلەمىنى كېڭەيتكەن. بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى 400 موغا يەتكۈزۈپ، بۇنىڭدىن 300 موسىغا كېۋەز، 70 موسىغا بۇغداي، 30 موسىغا قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتات تېرىغان. پاختا ئىشلەپچىقىرىشىنى تۆۋرۈك كەسىپ قاتارىدا چىڭ تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى قولدىن بەرمەي، يىلىغا 20 توننىغا يېقىن بۇغداي ئىشلەپچىقارغان. پاختىچىلىقتىن ئىبارەت باشلامچى كەسىپنىڭ يېتەكچىلىكىدە چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا تەڭ ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ كەسىپلەردە ياخشى ئۇنۇم ياراتقان. بۇ يىلغا كەلگەندە، ئوسمان ھاجى ئاكىنىڭ ئائىلىسىنىڭ چوڭ - كىچىك چارۋىسى 350 تۇياققا، چارۋىچىلىقتىن يىلىغا قىلغان كىرىمى 50 مىڭ يۈەنگە، ماتېرىيال ئورمان كۆلىمى 60 موغا، يېقىلغۇ ئورمان كۆلىمى 100 موغا، بېغى 15 موغا، ئومۇمىي دەرەخ سانى 100 مىڭ تۈپتىن كۆپرەككە يەتكەن. كېسىمگە يارىغان تېرىكى 2000 تۈپتىن ئېشىپ توغراق، يۇلغۇن قاتارلىق تەبىئىي يېپىنچا ئورمان كۆلىمى يىلمۇيىل ئېشىپ بارغان.

— ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، — دېدى ئوسمان ھاجى ئاكا كۈلۈپ تۇرۇپ، — پارتىيىنىڭ بىز دېھقانلارغا چىقىرىپ بەرگەن يېزا سىياسەتلىرىنىڭ قۇدرىتى بولمىغان بولسا بۇنچىۋالا چوڭ ئۆزگىرىشنى تاپالمىغان بولاتتۇق. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان پارتىيىنىڭ يېزا سىياسەتلىرىگە كۆڭۈل توختىتىپ، بازار ئېگىلىكىنىڭ تەلپى بويىچە

— ياخشى گەپكەن، — دېدى ئوسمان ھاجى ئاكا گېپىمىزگە جاۋابەن.

— بىزدە «ئۆردەكنىڭ گۆشىنى يېسەڭ، غازنىڭ پېيىدە بول» دېگەن گەپ بار. مەن بىرنەچچە يىل مابەينىدە، ئائىلىمىزنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، باياشات تۇرمۇشقا يېتىش مەقسىتىدە، پاختا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پېيىدە بولۇپ، ئاز - تولا مىدىرلىدىم، مىدىرلىغاننىڭ ئۇنۇمىنى كۆردۈم. مالال كۆرۈشمىسىلە، كېۋەزلىكىمنى ئايلىنىپ كېلىشسىلە قانداق؟

بىز رازىلىق بىلدۈردۇق. ئۇ قورۇسىدا ھەرقايسى ئىش تۈرلىرى بىلەن مەشغۇل بولىۋاتقان بالا - چاقىلىرىغا «قورۇ خوجايىنى» سۈپىتىدە يېڭىدىن ئىش تاپىلىدى بولغاي، ئارقىدىن بىزنى كېۋەز ئېتىزلىرىغا باشلاپ ماڭدى.

پاھ! بۇ پېشقەدەم پاختىكار ئائىلىسى راستتىنلا كۈچەپتۇ. ھەربىر پارچىسى 20 مودىن قىلىپ سالالاشتۇرۇلغان، ئون نەچچە مەيدان بويىچە رەتمۇرەت تېرىلغان ئېتىزلاردىكى كېۋەز شاخلىرى ئادەمنىڭ دولىسىغىچە كېلەتتى. كېۋەزلەر ھەقىقەتەن ئوخشىغان بولۇپ، مەيدان، ئېتىز، تۈپلەر بويىچە بەسلەشكەندەك ئېچىلىپ كەتكەنىدى. گەرچە كېۋەزنىڭ بىرىنچى تېرىمى تۈگەپ، ئىككىنچى تېرىمى باشلانغان بولسىمۇ، پاختىلار غوزا چاناقلىرىغا پاتمايتتى. ئاقبالداقتەك ئېچىلىپ كەتكەن كېۋەز غوزىلىرى كىشىگە «ئاق ئالتۇندا ئامەت بار» دەپ پىچىرلاپ، يېقىملىق كۈلۈمسىرەۋاتقان سەبىي بوۋاقنى ئەسلەتسە، بەئەينى ئۆرۈك چېچەكلىگەندەك تۇمانلاشقان كېۋەز ئېتىزلىرى ئاق رومال ئارتىۋېلىپ، ئاق ئالتۇن تۇغۇۋاتقان ئاق كۆڭۈل ئانىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەتتى.

— بۇ يىل پاختىدىن قانچە يۈەن كىرىم قىلىشنى ئويلىشىۋاتىلا؟ — سورىدۇق بىز ئوسمان ھاجى ئاكىدىن.

— بۇ يىل 300 مو يەرگە كېۋەز تېرىۋىدىم، ھېسابلاپ كۆرسەم ھازىرغا قەدەر دۆلەتكە 60 توننىغا يېقىن كېۋەز ئۆتكۈزۈپتىمەن. بۈگۈن تراكتورغا باسقان 10 توننا كېۋەزنى ھېسابلىغاندا 70 توننا

رىقچىلىقىدا ئەلا سورتلارنى تاللاپ تېرىش ئۇنىڭ بىردىنبىر ئادىتى. بۇ يىلمۇ ئۇ 300 مو يەرگە 1- ئەۋلاد ئەلا سورتلۇق «جۇڭمىيەن - 35» كېۋەز سورتىنى تېرىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ھوسۇلىمۇ يۇقىرى بولدى؛ ئۇچىنچىدىن، كېۋەز پەرۋىشىنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىدا تېخنىكىلىق تەلەپ بويىچە ئىشلەشكە بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. شۇڭا، ئۇ كۆپ قېتىم يېزا، ناھىيە تەرىپىدىن پاختا ئىشلەپچىقىرىش، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق كەسپى بويىچە ئىلغار ئائىلە بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى. ئوسمان ھاجى ئائىلىسى يېزىمىزنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئۈلگىسى. بۇ خىل ئائىلىلەرنىڭ تۈرتكىسىدە بۇ يىل يېزىمىزدىكى 3480 ئائىلە 55 مىڭ مو يەرگە كېۋەز تېرىپ، 120 مىڭ دەن ساپ پاختا ئىشلەپچىقىرىپ، 48 مىليون يۈەن پۇل كىرىم قىلىشتەك ياخشى ۋەزىيەتنى ياراتتۇق. بۇ پۇل يېزىمىزدىكى ھەربىر نوپۇسقا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2823 يۈەندىن توغرا كەلدى. پاختىنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتىدىمۇ بۇلتۇرقىدىن 350 يۈەن ئېشىش بولدى. مانا بۇلار — دۆلەتباغلىقلار ئۈچۈن چوڭ دۆلەت. يېزىمىزنىڭ بۇ يىللىق پاختا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئەمەلىيىتى شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، راستتىنلا «ئاق ئالتۇندا ئامەت بار» ئىكەن.

2001- يىل 10- ئاينىڭ 12- كۈنى مارالبېشى ناھىيە دۆلەتباغ يېزىسىنىڭ مايسەنكۆل 17- كەنت مايسەنكۆل 3- مەھەللىسىدىكى بۇ پاختىكار دېھقانغا ئاپىرىن ئوقۇپ، ئالتۇن كۆزدە دولان يۇرتىدا بولغان زىيارىتىمىزنى ئاخىرلاشتۇردۇق.

2001- يىل ئۆكتەبىر

## «يۇرتىمىزدا باغ تولا» (2)

— ناھىيىمىزنىڭ باغۋەنچىلىكىدە، — دېدى مېنى يېڭى يىپ ئۈچى بىلەن تەمىنلەۋاتقان مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى تۇرغۇن ئىمىن، — چوڭقۇرچاق يېزىسىنىڭ ئىشلىگەن خىزمەتلىرى خېلىلا

تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، يەرگە يېتەرلىك مەبلەغ سالدىم. يەرمۇ مېنىڭ ئىشلىگىنىمنى بىلدى. بۇ يىل باشقىسىنى قويۇپ تۇرۇپ پاختىچىلىقتىنلا قىلغان كىرىمىم ئائىلىمىزدىكى توققۇز نوپۇسنىڭ ھەربىرىگە 30 مىڭ يۈەندىن كەم چۈشمەيدۇ.

زىيارەت جەريانىدا ئىگىلىگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا ئوسمان ھاجى ئائىلىسىنىڭ ئىگىلىكى راۋاجلانغانلىقتىن، ئىقتىسادىي ئەھۋالىمۇ يىلدىن - يىلغا ياخشىلانغان. ئۇنىڭ ئائىلىسى يېقىنقى بىرنەچچە يىل ئىچىدە 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلىپ بەش ئورۇنغا 1000 كۋادرات مېتىر كۆلەمدە يېڭىدىن ئۆي سېلىپ ئۈچ ئوغلى، ئۆزى ئولتۇرغان؛ 80 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ ئىككى ئورۇنغا چارۋا مال ئۈچۈن 900 كۋادرات مېتىر كۆلەمدە ئېغىل - قوتان سالدۇرغان؛ 20 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ 150 كۋادرات مېتىر كۆلەمدە 300 توننا سىلوس باسقىلى بولىدىغان ئورا كولاتقان؛ 100 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ 55. 25 ئات كۈچىگە ئىگە ئىككى دانە تراكتور، چاتما سايمانلارنى سېتىۋېلىپ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا ئىشلەتكەن. ئوسمان ھاجى ئاكا ئۆزى بېيىغاندا يېتىم - يېسىر، ئاجىزلارغا ياردەم بېرىشنى ئېسىدىن چىقارمىغان. يېقىنقى بەش يىل ئىچىدە 30 مىڭ يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ، كەمبەغەللەرگە يار - يۆلەك بولغان؛ 10 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ ئامما ماڭىدىغان 1 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى توپىلىق يولنى شېغىللاشتۇرغان، بىر دانە كۆۋرۈك ياساپ بەرگەن؛ تۇخان ئۆمەر، قۇربان يۇنۇس قاتارلىق تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ ئۆي سېلىۋېلىشى ئۈچۈن 4000 يۈەن ياردەم قىلغان؛ ئىگە - چاقىسىز ھاشىخان، جىمىلىخانىنىڭ داۋالىنىشى ئۈچۈن 2000 يۈەن بەرگەن.

ئاخىرىدا جۇمە ئىبراھىم ماۋۇلارنى قوشۇپ قويدى: ئوسمان ھاجى ئائىلىسىنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىشتىكى يەنە بىر ئارتۇقچىلىقى — بىرىنچىدىن، ئوغۇت توپلاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ، بولۇپمۇ مەھەللىۋى ئوغۇتنىڭ سۈپىتىنى بەك تەكىتلەيدۇ. كېۋەز يېرىگە سۈپەتسىز ئوغۇتنى ئىشلەتمەيدۇ؛ ئىككىنچىدىن، كېۋەز تې-

دى، — دېدى يېزا باشلىقى ئابدۇسەمەت قۇربان ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋ-
ەتلەپ، — باغۋەنچىلىكتە كۆچەتلەرنى تىكىش بىر ھۈنەر بولسا،
كۆچەتلەرنى پەرۋىش قىلىش، ئۇنى ئەي قىلىپ مېۋىگە كىرگۈزۈش
يەنە بىر ھۈنەر، بولۇپمۇ كېيىنكىسى ئەڭ چوڭ ئەقىل تەلەپ قىلىدى-
غان ھۈنەر. يېزىمىز بۇ جەھەتتە ئۈچ يىل ئەجىر سىڭدۈرۈۋىدى،
باغۋارانلاشتۇرۇشنىڭ دەسلەپكى ئۈنۈمى كۆرۈلدى.

ئۇلارنىڭ تەجرىبىسىدىن قارىغاندا چوڭقۇرچاق يېزىسى ئۆز ئور-
نىنىڭ باغۋەنچىلىككە باب كېلىشتەك ئەۋزەل شارائىتىنى چىقىش
قىلىپ، يېزىلارنىڭ كەسپىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش خىزمىتىگە بى-
رىكتۇرۇپ، 1999 — 2001- يىللىرى 2 مىليون 95 مىڭ يۈەن
مەبلەغ سەرپ قىلىپ 23 مىڭ 279 مو يەردە يېڭىدىن باغ ئەھيا
قىلغان. بۇنىڭدىن 1 مىليون 645 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ ئەلا
سورتلۇق كۆچەتلەرنى سېتىۋالغان. يېقىنقى ئۈچ يىل ئىچىدە يېزا
بويىچە يېڭىدىن 391 مىڭ 728 تۈپ سەمەت ئۆرۈكى، 285 مىڭ
284 تۈپ ئاق مۇناقى ئۈزۈم تېلى، 56 مىڭ 700 تۈپ قەغەز ياڭاق،
4320 تۈپ قۇمۇل چىلىنى، 3584 تۈپ ئەلا سورتلۇق ئالما، ئامۇت
كۆچەتلىرى ئەھيا قىلىنىپ ياخشى ئاينىتىلماقتا. بۇ يېزا يەنە بۇلتۇر
كۈزدە يېڭىدىن 12 ئورۇندا كۆلىمى 162 مو يەردە ئۆرۈك كۆچەتزار-
لىقى ئەھيا قىلغان. بۇ كۆچەتزارلىقتا چوڭ بولۇۋاتقان كۆچەت سانى
345 مىڭ تۈپتىن ئاشىدىكەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇ يىل ئەتىيازدىن
باشلاپ 294 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ 60 مو يەردە قەلەمچە قىلىش
ئۇسۇلى ئارقىلىق 600 مىڭ تال ئانار كۆچىتى يېتىشتۈرگەن.

بىز يېزىنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ
يول باشلىشى بىلەن بۇ كەنتنىڭ مىڭخادا مەھەللىسىدىكى ئۆرۈك
كۆچەتزارلىقىنى زىيارەت قىلدۇق.

— ۋاي - ۋۇي، نېمە دېگەن تەكشى ئۆسكەن كۆچەتلەر
بۇ، — دېدۇق بىز بۇ مەيداندىكى ئۆرۈك كۆچەتلىرىگە زوقىمىز كې-
لىپ.

— ئۆرۈك كۆچىتىنى يېتىشتۈرۈشتە، — دېدى ئابدۇرېشىت ئا-

200 موغا، ئانارنى 7000 مودىن كۆپەيتىپ، چىلانلىق باغ كۆلىمىنى 1000 موغا، ئۈزۈمزارلىقنى 1200 موغا، ياڭاقزارلىقنى 500 موغا يەتكۈزىمىز. مۇشۇ سۈرئەت بىلەن ماڭغاندا 2004- يىلىغا بارغاندا، يېزىمىز بويىچە 58 مىڭ مو يەردە باغ ئەھيا قىلىش پىلانىمىز ئەمەلگە ئېشىپ، نوپۇس بېشىغا ئىككى مودىن باغ يېرى توغرا كېلىدۇ. ئۇ چاغلاردا «بەشكېرەمنىڭ باغلىرى كۆپ، ئۇندا بار ئەنجۈر، ئانار، شەربىتى قەنتتىنمۇ تاتلىق، يېسىڭىز تىلنى يارار.» دېگەن ناخشا بىزنىڭ چوڭقۇرچاقتا ئېيتىلماسمۇ؟

بىز مىڭخادا كەنتىدىكى زىيارىتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇپ قايتقان بولساقمۇ، دولان دېھقانلىرىنىڭ «يۇرتىمىزدا باغ تولا» دېگەن ناخشىسىنى ئوقۇپ، كۆچەت تىكىپ، يېڭىدىن باغ ياساۋاتقان ئىشچان سىيماسى كۆز ئالدىمىزدىن نېرى كەتمىدى.

2001- يىل ئۆكتەبىر

## دولان ئوغلى (3)

— سېرىقبۇيا بازىرى ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ باش جىڭلىسى مىجىت ھاجى ھاشىم دولان ئوغلى بولۇشقا مۇناسىپ كىشى. ئۇنىڭ بىرنەچچە كەسىپنى تەڭ راۋاجلاندۇرۇپ جەمئىيەت ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قىلىپ بېرىۋاتقان تەرىپلىرى دولان دىيارىدا ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرمەكتە. نېسىپ بولسا ئۇنىڭ ئائىلىسىنى زىيارەت قىلىپ باقسىلا قانداق؟— دېدى مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى خۇدابەردى يۇنۇس بىزگە ئىشخانىسىدا ئەھۋال تونۇشتۇرۇۋېتىپ، — مىجىت ھاجىنى دولانلىقلارنىڭ پەخرى دېيىشكە بولىدۇ.

2001- يىل 10- ئاينىڭ 26- كۈنى بىز ئولتۇرغان كىچىك ئاپتوموبىل ناھىيە مەركىزىدىن ئەتىگەندىلا يولغا چىقىپ ئىككى قاسنىقى سۆۋادان، توغراق بىلەن قاپلانغان ئاسفالت يولدا سېرىقبۇيا

يوپ، — پەرۋىش ئىشلىرى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بىز مەخسۇس تېخنىك ئاجرىتىپ ئوغۇتلاش، چاتاش، سۇغىرىش ئىشلىرىنى ئىز-چىل چىڭ تۇتۇپ كەلگەچكە كۆچەتلىرىمىز كۆز ئالدىڭلاردىكىدەك ئوبدان ئۈنىدى.

دېمىسىمۇ يېزا رەھبەرلىكى مېۋىلىك كۆچەتلەرنى ئۆستۈرۈشتە كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن؛ ئالدى بىلەن بۇ ئىشقا مۇنبەت تۇپراقنى ئاجراتقاندىن باشقا ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىدىن تېخنىك تەك-لىپ قىلىپ، يېزىلىق ئورمانچىلىق پونكىتىدىكى خادىملارغا ياردەم-لەشتۈرۈپ، ئۇچكە ئارقىلىق تېرىش، قەلەمچە قويۇشتىن كۆچەت بولۇپ يېتىشكەنگە قەدەر ئارىلىقتىكى پەرۋىش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلدۇرغان؛ كۆچەت يېتىشتۈرگەن مەھەللە، ئائىلىلەرنىڭ مەجبۇرىي ئەمگىكىنى كۆتۈرۈۋەتكەن؛ مەبلەغ ھەل قىلىپ بېرىش، سۇغىرىش ئىشلىرىدا بۇ خىل ئائىلە، مەھەللە، كەنتلەرگە ئالدىن ئېتىبار بەر-گەن؛ يىلدا ئۈچ قېتىمدىن تۆت قېتىمغىچە كۇرس ئېچىپ يېزا بويىچە 60 تىن ئارتۇق كىشىنى باغۋەنچىلىك بىلىملىرى بويىچە تەربىيىلە-گەن؛ باغۋەنچىلىكتە تەجرىبىسى مول 16 ئائىلىگە ئۆرۈك، ئانار كۆچەتلىرىنى ھۆددىگە بېرىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتكەن؛ بۇ يىل 8-ئايدا كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ تاشمىلىق يېزىسىدىن داڭدار 50 نەچچە ئۇلاقچىنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇچكە تېرىش ئارقىلىق يېتىشتۈرگەن كۆچەتكە 300 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق «مۇكىياغلىق» ئۆرۈكىنى بىخ ئۇلاق قىلىپ ئۇلاپ، ئۆرۈك سورتىنىڭ ئەلالىشىشىغا ئاساس سال-غان. ھازىر يېزا بويىچە ئومۇمىي باغ كۆلىمى 30 مىڭ مودىن ئېشىپ، نوپۇس بېشىغا ئازغىنە كەم بىر مودىن باغ توغرا كەلگەن.

— باغۋەنچىلىكتە كەلگۈسى پىلان - تەسەۋۋۇرۇڭلار بارمۇ - يوق؟ — دەپ سورىغان سوئالىمغا جاۋابەن يېزا باشلىقى ئابدۇسەمەت قۇربان ماۋۇلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى:

— 2002- يىلى بىز يەنە يېڭىدىن 300 مو يەردە ئۆرۈك كۆچەتزارلىقى، 50 مو يەردە ئانار كۆچىتى يېتىشتۈرمەكچىمىز، كېلەر يىلى يىل ئاخىرىغا بارغاندا ئۆرۈكلۈك باغ كۆلىمىنى 13 مىڭ

ۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ قوللىشى بىلەن 270 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ سېرىقبۇيا بازىرى تەۋەسىدىن 11 مو يەر سېتىۋالدىم. يەنە 240 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ قورۇ ـ قوتان سېلىپ، بۇ ئىشنى باشلىغاندىم، — دېدى ئۇ سوئالىمغا جاۋابەن.

مىجىت ھاجىنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ئۇنىڭ شىركىتى قارىمىقىدا ئەلا نەسىللىك كالا فېرمىسى، رېمونتخانا، ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى دۇكىنى، ماي ئىسكىلاتى، بېتون كارخانىسى، يەم ـ خەشەك ئىشلەپچىقىرىش مەيدانى قاتارلىق كەسىپلەر بولۇپ، بۇنىڭدا 28 ئادەم ئىشلەيدىكەن. 28 نەپەر ئىشچىنىڭ ئالتىسى مېيىپ بولۇپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىغا ئاساسەن مۇۋاپىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ؛ بۇلارغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 400 يۈەندىن ئىش ھەققى بېرىدىكەن. مىجىت ھاجى 1997- يىلىدىن 2000- يىلىغىچە بولغان ئۈچ يىل ئىچىدە ھەر يىلى 500 تۇياقتا يېقىن قوي، ئۆچكە بورداپ، ئۈچ يىلدا بازارنى 300 توننا تاۋار گۆش بىلەن تەمىنلەپ 120 مىڭ يۈەن ساپ پايدا ئاپتۇ؛ 2000- يىلىنىڭ ئاخىرىدا كالا نەسلىنى ياخشىلاش، ئەلا نەسىللىك كالا يېتىشتۈرۈش مەقسىتىدە، يەنە 500 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ 150 تۇياق شارۋلەي، سىممىنتال كالىسى سېتىۋاپتۇ. ھازىرغىچە 17 ئىنەك موزايلاپتۇ، 70 تۇياق ئىنەك بوغاز بوپتۇ. ئىنەكلىرىنىڭ ئەڭ چوڭى 70 — 80 چارەك كېلىدىكەن. ئىنەكلەرنى ياخشى بېقىش ئۈچۈن بۇ يىل 130 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ يېڭىدىن سىلوس بېسىش ئورىسى ياساپ 1000 توننا سىلوس بېسىپتۇ؛ 10 ئاي ئىچىدە يەنە 100 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ كۇنجۇرە، كېپەك قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىپ، كالىلارنىڭ ياخشى بېقىلىشىغا ئاساس ساپتۇ؛ 10 مىڭ يۈەنگە ئىككى دانە ئوت توغراش ماشىنىسى سېتىۋاپتۇ؛ 100 مو يەردە يەم ـ خەشەك بازىسى قۇرۇپ كالىلارنىڭ يەم ـ خەشىكىنىڭ كەم قىسمىنى تولۇقلاپتۇ.

بىز مىجىت ھاجىنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى دۇكىنىنى زىيارەت قىلدۇق.

بازىرىغا قاراپ قويۇندەك ئۇچماقتا ئىدى. ئالتۇن كۆز مەنزىرىسىگە چۆمگەن دولان دىيارىنىڭ يۇرت ـ مەھەللىلىرى بىزگە تولىمۇ يېقىملىق كۆرۈنەتتى. سېخىي قۇچىقىنى ئۆز ئىگىلىرىگە يەتكۈدەك ئېچىپ، ھاردۇق ئېلىشقا چۇشۇش ئالدىدا تۇرغان پايانسىز كېتىۋەزلىكلەر، بوغدايلىقلار، باغلار، توغراقلىقلار كىشىگە ئاجايىپ زوق ئاتا قىلىپ بۇ زېمىنغا بولغان مۇھەببەتنى ئۇلغايتسا، جاڭگال ئوتلاقلىرىدا توپ ـ توپ ئوتلاۋاتقان قوي ـ كالا پادىلىرى دولانلىقلارنىڭ يانچۇقىنىڭ قۇرۇق ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدۇراتتى.

بىز مىجىت ھاجىنىڭ قورۇسىغا يېتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ كالا قوتىنىدا كالىلارنىڭ يەم ـ بوغۇز ئەھۋالىنى تەكشۈرۈۋاتقانلىقىنى ئۇقتۇق. ئۇنىڭ ئىش ئورنىغا بېرىپ مەقسىتىمىزنى ئېيتقاندۇق، ئۇ:

— ناھايىتى ياخشى ئىش بوپتۇ، قوتانلىرىمنى ئارىلاپ، كالىلارنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرۈپ باقساڭلار، ئاندىن ئەھۋاللاشساق قانداق؟ — دېدى.

بىز رازىلىق بىلدۈردۇق. ئالدى تەرىپى كۈنگەي تەرەپكە قارىتىپ سېلىنغان كۆلىمى3000كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بۇ قوتاننىڭ تامتورۇس، ھەتتا يەم ـ بوغۇز تۆكىدىغان ئوقۇرلىرىغىچە خېلىلا پۇختا ياسالغانىدى. ئومۇمىي قوتان كۆلىمى ئۈچكە بۆلۈنگەن بولۇپ، 1000 كۋادرات مېتىرلىق قىسمىدا 100 تۇياقتىن ئارتۇق شارۇلەي، سىممېنتال كالىلىرى، يەنە 1000 كۋادرات مېتىرلىق ئاپتاپلىق قوتاندا 50 نەچچە تۇياق شۇ خىلدىكى كالىلار بېقىلىۋاتاتتى. 1000 كۋادرات مېتىرلىق قىسمى كالىلار كۆپەيگەندە بېقىش ئۈچۈن تەييارلانغانىدى. قوتاندىكى كالىلارنىڭ ھەممىسى ئەلا نەسىللىك ئىنەكلەر بولۇپ، 17 تۇياق موزاينى ھېسابقا ئالمىغاندا ھەممىسى تۇغىدىغان شارۇلەي، سىممېنتال نەسىللىك ئىنەكلەر ئىدى.

— بۇ كەسىپكە قاچان تۇتۇش قىلغانتىڭىز؟ — سورىدىمەن مىجىت ھاجىدىن.

— 1996ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىركەت قۇرۇش ئۈچۈن مۇناسى-

لەندۇرۇش ۋاقىتلىرىدا تېخنىكلارنى ئەۋەتىپ ياردەملەشتۇردى؛ ناھىيە، يېزىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى شىركىتىمىزگە پات - پات كېلىپ ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىمىزنى ھەل قىلىپ تۇردى؛ ناھىيە بىر تۇتاش ئېكسكۇرسىيىگە ئۇيۇشتۇرۇپ قېرىنداش ئورۇنلارنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىۋېلىشىمىزغا ھەيدەكچىلىك قىلدى.

دەرۋەقە مىجىت ھاجى ئىگىلىك تىكلەپ باي بولغاندا، ئۆزىنى يۆلىگەن، ئۆزىنى قوللىغان جەمئىيەت، خەلقنى ئۇنتۇپ قالماي، دولان ئوغلانىغا خاس كەڭ قورساقلىقىنى نامايان قىپتۇ. مېيىپلار ئائىلىسىدىن يەتتە نەپەر كىشىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، بۇ خىل ئائىلىدىكى سەككىز نەپەر مېيىپنىڭ تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىپتۇ؛ ھەر يىلى يەنە 30 مىڭ يۈەن چىقىرىپ يېتىم - يېسىر، ئاجىزلاردىن ھال سوراپتۇ؛ تەۋەسىدىكى ئون نەچچە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بىر يىللىق گېزىت - ژۇرناللىرىغا مۇشتەرى بولۇپ بېرىپ ئوقۇتقۇچىلار بايراملىرىدا پۇل ياردەم قىلىپ، ماتارىپنى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق قوللاپتۇ. ئۆز ناھىيىسىدىكى ۋە باشقا ئورۇنلاردىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان ئائىلە، كىشىلەرگە نۇرغۇن مىقداردا مال - مۈلۈك، پۇل ياردەم قىپتۇ.

— مەن، — دەيدۇ بۇ دولان ئوغلى سۆھبىتىمىزنىڭ ئاخىرىدا، — خەلقىم ئۈچۈن تىكلىگەن ئىگىلىكىمنىڭ تۇنجى قەدىمىنى باستىم، بۇنىڭدىن كېيىن قەدەمنى يەنىمۇ چوڭ ئېلىپ، ئىگىلىكىمنى زورايتىپ ئانا يۇرتۇم، خەلقىم ئۈچۈن تېخىمۇ چوڭ تۆھپە قوشىمەن.

2001- يىل ئۆكتەبىر

## «ياش تۆكمەڭلار توغراقلار!» (4)

— مانا بۇلار سىلەر زىيارەت قىلماقچى بولغان توغراقلىقلارنىڭ بىر قىسمى، — دېدى بىزنى باشلاپ كەلگەن مارالبېشى ناھىيىلىك شاڭۇ توغراق ئورمانچىلىق مەيدانى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئەمەت مۇھەممەت دولان دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى سانجاق -

كۆلىمى 100 كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا كېلىدىغان، ئۈستىلىق بىلەن سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بۇ دۇكان ئىچىگە ھەربىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3 مېتىر، كەڭلىكى 1 مېتىر، ئېگىزلىكى 2.5 مېتىر كېلىدىغان 15 دانە تۆمۈر جازا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا 12 يىل چوڭ-كىچىك ئاپتوموبىلنىڭ 700 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى 5000 خىلدىن ئارتۇق سايمان - زاپچاسلىرى قويۇلغانىدى. چوڭ يولنىڭ بويىغا جايلاشقان بۇ ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى دۇكىنىنىڭ مال ساتقۇچىسى — مىجىت ھاجىنىڭ ئوغلى ئابدۇراخمان مىجىتتىن: «دۇكاننىڭ كۈندىلىك ئوبوروتى قانچىلىك بولۇۋاتىدۇ؟» دەپ سورىغىنىمدا، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ: «1000 يۈەندىن چۈشمەيدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

ئۇقۇشىمىزچە مىجىت ھاجى كالا فېرمىسىنى ئاساس قىلىپ باشقا قوشۇمچە كەسىپنىمۇ تەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇپتۇ، يەنە 600 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ 2200 كۋادرات مېتىر كۆلەمدە رېمونتخانا، ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى دۇكىنى، چارۋا مال دوختۇرخانىسى، ئاشخانا قاتارلىقلارنى سېپتۇ؛ 380 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ، 220 تونىنا زاپاس ماي ساقلىيالايدىغان ماي ئىسكىلاتى ياساپتۇ؛ تۆت نەپەر تېخنىك ئىشچىسى بار بېتون نور، بېتون تۈۋرۈك ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى قۇرۇپ، ئېھتىياجلىق ئورۇنلارنى تەمىنلەپ، شىركەتنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىشكە ھەسسە قوشۇپتۇ. دۆلەتكە تۆت يىلدا 100 مىڭ يۈەنگە يېقىن باج تاپشۇرۇپتۇ.

— شىركىتىڭلارنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ياكى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ئەمەلىي قوللىشى بولدىمۇ-قانداق؟ — سورىدىمەن ئەھۋالنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش ئۈچۈن.

— ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنىڭ يېتەرلىك يولغا قويۇلغانلىقى، — دېدى ئۇ جاۋابەن، — شىركىتىمىزنى بۈگۈنكىدەك تەرەققىياتقا ئېلىپ كەلدى. ناھىيە بۇ يىل 7- ئايدا ئۈچ يىللىق مۇددەت بىلەن 400 مىڭ يۈەن ئۆسۈمسىز قەرز بەردى؛ يەم - خەشەك ئۈچۈن 100 مو يەر ھەل قىلىپ بەردى؛ سىلوس ياساش، كالىلارنى نەسىل-

قىلىۋىدۇق، تۆككەن تەرىمىز، قىلغان ئەجرىمىز يەردە قالمىدى،
مانا، سىلەرنىڭ كۆرۈۋاتقىنىڭلار شۇ ئەجرىمىزنىڭ بىر قىسمى.
زىيارەت جەريانىدا ئىگىلىگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا، شاقۇ توغراق ئورمانچىلىق مەيدانى تەۋەلىكىدە 1 مىليون 640 مىڭ مو يەردە توغراق دەرىخى بولۇپ، ئىلگىرى باشقۇرۇش ئورۇنلىرى مۇكەممەل بولماسلىق، قالايمىقان كېسىش، چارۋا مال قويۇپ بېرىش، سۇغىرىش شارائىتىنى ياخشىلىماي تاشلىۋېتىش، سۇ ئېچىشقا ئاسان بولغان توغراقزارلىقلارنى سۇغىرىش، قىيىنلىرىنى تاشلىۋېتىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، توغراقزارلىق كۆلىمى ھەم ئازلاپ، كۆپىلىگەن توغراقزارلىق ۋەيران بولۇش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان. پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، بولۇپمۇ 1990- يىلىدىن باشلاپ، مەيدان رەھبەرلىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى يېتەكلەپ، توغراقزارلىقلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىشىغا ئاتلىنىپتۇ، ئالدى بىلەن مەيدان قارىمىقىدا 16 مۇھاپىزەت قىلىش پونكىتى قۇرۇپ، ھەربىر پونكىتقا ئىككىدىن ئادەمنى بەلگىلەپ، بىر پونكىتقا 100 مىڭ مودىن توغراقزارلىقلارنى باشقۇرۇشنى بېكىتىپ، باشقۇرۇش تەدبىرلىرى ۋە ۋەزىپە - كۆرسەتكۈچلەرنى پۇختا، ھەتتا ئادەم بېشىغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپتۇ؛ يىلىغا 100 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىپ دولان دەرياسىنىڭ ھەر 20 كىلومېتىر ئارىلىقىنى بىر نۇقتا قىلىپ ئېگىزلىكى 10 — 12 مېتىرغىچە، ئۇزۇنلۇقى 1000 مېتىر ئەتراپىدا، ئاستى كەڭلىكى 60 — 70 مېتىرغىچە، ئۈستى كەڭلىكى 30 مېتىر قىلىپ بىردىن ئۆچكىچە دامبا ياساپ، دەريا سۈيىنى قايدۇرۇپ، سۇنى يېيىتىپ ئېقىتىپ، سۇغىرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپتۇ؛ دەريا دامبىلىرىنى ئاساس قىلىپ، 2 — 3 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا شاخچە ئۆستەڭ چېپىپ، سۇ بارالمىغان توغراقلارنى نەم ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق كۆكلىتىپتۇ؛ نەتىجىدە يېقىنقى 7 — 8 يىل ئىچىدە سۇغىرىش شارائىتىنى ياخشىلاش ئارقىلىق %30 ئەتراپىدىكى توغراقزارلىقنى يېڭىدىن كۆكەرتىپ، 20 — %30 كىچە توغراقزارلىقنى نەم ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ياشلاپ،

سانجاق توغراقزارلىقلارنى كۆرسىتىپ، — بۇ توغراقلار ئەگرىكۆل توغراق ئورمانچىلىق رايونىغا قارايدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كەلكۈننى باشلاپ سۇغىرىش ئارقىلىق كۆكلەتكەن توغراقلار. ئاپتوموبىلدا مېڭىش تەسرەك، پىيادە ئايلانساقمىكىن.

بىز ئاپتوموبىلدىن چۈشۈپ سۇيى يوق دولان دەرياسىنى كېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، دەريانىڭ شەرقىدىكى توغراقزارلىققا قەدەم ئالدۇق.

قاراڭ! دولان دەرياسىنىڭ قىرغىقىدىكى بۇ توغراقزارلىقلار باشقا بىر دۇنيا ئىكەن: ئېگىز ـ ئېگىز دۆڭلۈكلەر، قۇم بارخانلىرىنى ماكان قىلىپ، كۆككە بوي سوزۇپ تۇرغان توغراق دەرەخلىرى كىشىگە ئالتۇن كۇزدە ئۇچىسىغا زەردىن تون كىيىپ، يېنىك ئۇسسۇل ئويناۋاتقان سەنئەتچىلەرنى ئەسلەتسە، توغراقزارلىق ئارىسىدىكى يۇلغۇن دەرەخلىرى، بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن چاتقاللار، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر توغراقزارلىققا تېخىمۇ گۈزەللىك بېغىشلاپ، بۇ يەرنى سېھىرلىك بىر ماكانغا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى.

— تەبىئىي توغراقزارلىقلارنى مۇھاپىزەت قىلىش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش، يېڭىۋاشتىن كۆكەرتىش خىزمىتىدە شاقۇ توغراق ئورمانچىلىق مەيدانىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشلىگەن ئىشلىرى كىشىنى سۆيۈندۈرىدۇ، — دېدى بىزگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى تۇرغۇن ئىمىن، — يېقىنقى بىرنەچچە يىل مابەينىدە مۇشۇلارنىڭ قولى بىلەن پەرۋىش قىلىنغاچقا، دولان دەرياسى بويىدىكى 200 — 300 مىڭ مو يەردىكى توغراقلار «ياش تۆكۈش» تىن توختىدى، گېزىتكە يېزىشقا توغرا كەلسە، مۇشۇلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى يازسا بولىدۇ.

— ئۇنداقتا، توغراقلارنىڭ «يېشىنى توختىتىش» ، توغراقلارنى كۆكەرتىشتىكى تەجرىبەڭلەرنى تونۇشتۇرۇپ بەرسەڭلار قانداق، — دېدىم ئەمەت مۇھەممەتكە.

— ھەرقانداق ئىش ئەجىر قىلماسلىقتىن قالىدىكەن، — دېدى ئۇ سورىغان سوئالىمغا جاۋابەن، — يەتتە يىل تەر تۆكۈپ ئەجىر

تىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئۇزاق بولمىغان كەلگۈسىدە توغراقزارلىقىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، قۇرغان توغراق دەرەخلىرى- نىڭ ئورنىنى تولۇقلايمىز.

— ياش تۆكمەڭلار توغراقلار، سىلەر چوقۇم ئەسلىگە كېلە-- سىلەر.

بىز 2001- يىل 10- ئاينىڭ 30- كۈنى مارالبېشى ناھىيىلىك شاقۇ توغراق ئورمانچىلىق مەيدانىدىكى زىيارىتىمىزنى ئاخىرلاشتۇ- رۇپ قايتقان بولساقمۇ، لېكىن بىر شائىرنىڭ توغراق توغرىسىدىكى مۇڭلۇق بىر كۇپلېت شېئىرى ئېسىمىزغا كېلىۋېلىپ، دولان دەرياسى بويىدىكى توغراقزارلىقنى ئەسلىتىپ تۇردى:

«ئېگىز - ئېگىز دۆڭلەر، بارخانلار،
ماكانىڭدۇر قۇملۇق - تۇپراقلار.
قېرىساڭمۇ گەر، كۆكلەيدۇ سانسىز،
يېڭى بوغۇن - يېشىل توغراقلار.»

2001- يىل ئۆكتەبىر

توغراقلارنىڭ قۇرۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئاپتۇ.

— باشقۇرۇش جەھەتتىكى چارە ـ تەدبىرلىرىمىزنىڭ مۇكەممەل بولغانلىقى،— دېدى ئەمەت مۇھەممەت سۆھبىتىمىز ئارىلىقىدا،— توغراقلارنىڭ بۈگۈنكىدەك تېز ئەسلىگە كېلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەبلەرنىڭ بىرى. توغراق دەرەخلىرىنى باشقۇرۇش جەھەتتە بىز يەنە 1ـ، 5ـ، ۋە 11ـ ئايلارنى ئاساس قىلىپ يىلىغا ئۈچ قېتىمدىن تۆت قېتىمغىچە ئورمان قانۇنىنى تەشۋىق قىلىپ، ئەتراپتىكى ئاممىنىڭ ئورمان قانۇنىغا بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، توغراقلارنىڭ كېسىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدۇق. يەر ئېچىشنى قاتتىق تىزگىنلىدۇق. ئەگەر كىمدە ـ كىم رۇخسەتسىز توغراق كەسسە، يەر ئاچسا شۇ كىشى، شۇ ئورۇنغا قاتتىق چارە كۆردۇق.

بىز تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەگرىكۆل توغراق ئورمانچىلىق رايونىنىڭ قۇرۇپ كەتكەن توغراقزارلىقىغا باردۇق.

ئىسىت! قۇرۇپ كەتكەن توغراقلار ئادەمنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇراتتى، قۇرۇپ كەتكەن، يېڭىدىن ئۇشتىلىپ كەتكەن، شاخلىرى سۇنۇپ توزۇپ كەتكەن توغراق دەرەخلىرىنىڭ بەزىلىرى كىشىگە 80 — 90 ياشلىق ئېلى مۇكچەيگەن بوۋاينى ئەسلەتسە، بەزىلىرى توپىغا سانجىپ قويغان ئەگرى ھاسىنى، بەزىلىرى ئىككى قولىنى كېرىشتۈرۈپ، قۇمغا تىكلەپ قويغان جەسەتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى.

— توغراق دېمەك — دولانلىقلارنىڭ جېنى دېمەكتۇر،— دېدى ھاكىم تۇرغۇن ئىمىن قۇرۇپ كەتكەن توغراقلارغا قاراپ خورسىنغان ھالدا.

— بۇلار «سول» لۇشيەنىنىڭ بىزگە قالدۇرغان ئاسارىتى. دولانلىقلار بۇ قۇرۇپ كەتكەن توغراق دەرەخلىرىگە ھەقىقەتەن ئۆكۈنىدۇ. ھازىر سىياسەت ئېنىق بەلگىلەندى. قۇرۇپ كەتكەن توغراق دەرەخلىرىنى يېڭىۋاشتىن كۆكلىتىشكە ئىمكانىيەت تۇغۇلدى. بىز يىلتىزىدىن كۆكلىتىپ ئۆستۈرۈش، شاخلىرىنى چاتاپ ياشلاشتۇرۇش، كەلكۈن سۈنى قويۇپ ئۇندۇرۇش، يىلتىزلىق كۆچەتلەرنى قويۇپ كۆپەي-

كۆرۈشۈپ، كېلىش مەقسىتىمىزنى ئېيتتۇق، ئۇ:

— ناھايىتى ياخشى ئىش بوپتۇ، ئالدى بىلەن مېۋىلەرگە ئېغىز تەگكەچ بېغىمنى ئايلىنىپ چىقساڭلار، ئاندىن ئەھۋاللاشساق قانداق؟ — دېدى.

بىز ئۇنىڭ يول باشلىشى بىلەن باغقا قەدەم ئالدۇق، ۋاھ، ئابلىمىت يۇسۇپ بېغىنى راستتىنلا كۆچەپتۇ، كۆلىمى 20 مودىن ئاشىدىغان بۇ باغقا قويۇلغان ئانار، ئۈزۈم، ئەنجۈر كۆچەتلىرى ھەقىقەتەن سەر خىل ئىدى، پىشقان باغۋەننىڭ قولى بىلەن بەش رەت قىلىپ 10 مو يەرگە تىكىلگەن ئانار دەرەخلىرى ئۆزىنىڭ بولۇقلۇقدىن شاخلىرىدىكى مېۋىلىرىنى كۆتۈرەلمەي ئاچا يۆلەپ قويۇلغانىدى، تال باراڭلىرىدىكى مەرۋايىتتەك يالتىراپ تۇرغان سانجاق - سانجاق مۇناقى ئۈزۈملەر كۆزنىڭ يېغىنى يەيتتى.

— ئابلىمىت يۇسۇپ يۇرتىمىز بەشكېرەمدىكى داڭلىق باغۋەنلەرنىڭ بىرى، — دېدى بىزگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كاتىپى ئابدۇغىنى بارات زىيارىتىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەقسىتىدە، — ئۇنىڭ مېۋە خىللىرىنى سەرخىللاشتۇرۇشتىكى تەجرىبىسى خېلىلا مول، بولۇپمۇ ئانار، ئۆرۈك كۆچەتلىرىنى يېتىشتۈرۈشتىكى تەجرىبىسى يۇقىرى سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

— بولىدىكەن، بۇ توغرىدىكى تەجرىبىلىرىنى ئۆز ئاغزىلىرىدىن ئاڭلاپ باقساق قانداق؟ — سورىدۇق بىز ئابلىمىت يۇسۇپتىن.

— ئائىلىمىزنىڭ بۈگۈنچىۋالا چوڭ ئىگىلىك تىكلىيەلىشى، — دېدى ئۇ سوئالىمىزغا جاۋابەن، — ئىگىلىك تىكلەش يولىدا بىرىنچىدىن، يېزىلارغا قارىتىلغان بېيىش سىياسىتىنىڭ كۈچ - قۇدرىتى، ئىلھامى رول ئوينىسا؛ ئىككىنچىدىن، ئائىلىمىزنىڭ كۈچىنىپ ئەجىر سىڭدۇرگەنلىكىدىن بولدى.

ئابلىمىت يۇسۇپنىڭ تەجرىبىسىدىن قارىغاندا، ئۇ 1990- يىلىنىڭ بېشىدىن ئېتىبارەن باغۋەنچىلىككە تۇتۇش قىلغان، ئۇنىڭ ئائىلىسى ئۆز ئورنىنىڭ باغۋەنچىلىككە باب كېلىشتەك گۈزەل شارائىتىنى چىقىش قىلىپ، يېزىلاردىكى كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش

# ئانا يۇرتتا ئالتۇن كۆز

(چاتما زىيارەت خاتىرىسى)

## سالام، مېۋە ماكانى بەشكېرەم (1)

— باغۋەنچىلىكتە، بولۇپمۇ ئانار بازىسى يېتىشتۈرۈشتە بوستان كەنت دېھقانلىرىنىڭ يېزىمىز تەۋەسىدىلا ئەمەس، بەلكى ناھىيىمىز تەۋەسىدىمۇ خېلى داڭقى بار. ئاياغ 6- مەھەللىدىكى ئابلىمىت يۇسۇپ- نىڭ ئائىلىسى باغۋەنچىلىك كەسپىي ئائىلىلىرىنىڭ ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ، بۇ ئائىلىنىڭ باغۋەنچىلىكتىكى تەجرىبىسىنى زىيارەت قىلىپ باقساڭلار قانداق؟ — دېدى يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى ئابدۇلئېزىز مۇھەممەتئىمىن بىزنى يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەپ.

بىز يېزا ئورگىنىدىن چىقىپ ئىككى قاسىنقى سۆۋادان تېرەك، سۆگەت بىلەن قاپلانغان ئاسفالت يول ئارقىلىق بوستان كەنت تەرەپكە يۈرۈپ كەتتۇق. «مېۋە ماكانى» دەپ ئاتالغان بۇ ئانا يۇرتنىڭ ئالتۇن كۆز مەنزىرىسىگە چۆمگەن ئالتۇن دالا - ۋادىلىرى، كۆجۈم كەنت، مەھەللىرى بىزگە تولىمۇ يېقىملىق كۆرۈنۈپ، كىشىگە ئاجايىپ زوق ئاتا قىلسا، تۆكمە - تۆكمە مەئىشەتچىلىككە تولغان ئەنجۈر، ئۈزۈم- لۈك باغلىرى، ئانارزارلىقلار ئاق كۆكۈل ئانىنىڭ ئامراق بوۋىقىغا سېخىي قۇچىقىنى كەڭ ئېچىپ تۇتۇپ بەرگەن مېھرىبان كۆكسىنى ئەسلىتەتتى...

بىز ئابلىمىت يۇسۇپنىڭ قورۇسىغا يېتىپ كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن

— ئۆرۈكلۈك بېغىمىزنىڭ ئىستىقبالىمۇ چوقۇمكى شۇنداق بولىدۇ، — دېدى بىز باغدىكى ئاينىغان ئۆرۈك دەرەخلىرىگە زوقىمىز كېلىپ.
— بۇمۇ ئائىلىمىزنىڭ ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكىنىڭ يەنە بىر مېۋىسى، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — 3 — 4 يىل ئەجىر سىڭدۈرۈۋىدىم، ئۆرۈكلۈك باغنىڭ بۈگۈنىنى كۆردۈم. مەن خۇدا بۇيرۇسا ئۆرۈكلۈك باغ كۆلىمىنى يەنە 15 مو كېڭەيتىپ، ئۇنىڭغا ئەلا سورتلۇق مۇكىياغلىق، سەمەت ئۆرۈكنىڭ كۆچەتلىرىنى تىكمەكچىمەن.
دېمىسىمۇ ئابلىمىت يۇسۇپ ئائىلىسى باغۋەنچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈپتۇ، مېۋە كۆچەتلىرىنى يېتىشتۈرۈش، مېۋە خىللىرىنى سەرخىللاشتۇرۇش، مېۋىلەرنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش جەھەتلەردە چەككەن جەبىر - جاپاسى خېلى كۆپ ئىكەن. ئىگىلىگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا ئابلىمىت يۇسۇپ ئائىلىسىنىڭ ئىلھامى ۋە تۈرتكىسى بىلەن كەنت بويىچە ھەممە ئائىلىلەر باغ ئەھيا قىلىشقا يۈزلەنگەن. بۇ يىلغا كەلگەندە بوستان كەنتى بويىچە ئومۇمىي باغ كۆلىمى 1600 مودىن ئېشىپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 70% ىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىگەن، بەش مودىن ئارتۇق بېغى بار ئائىلە كەنت ئومۇمىي ئائىلىسىنىڭ 50% ىدىن ئاشقان، بۇ يىل كەنت بويىچە دېھقانلار 200 توننا ئانار، 300 توننا ئۈزۈم، 150 توننا ئۆرۈك ئىشلەپچىقارغان. بۇلتۇر يېزا بويىچە باغۋەنچىلىكتىن 30 مىڭ توننا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلىپ 25 مىليون 294 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىنغان بولۇپ نوپۇس بېشىغا 800 يۈەندىن توغرا كېلىدىكەن، يېزا يەنە 11 مىليون يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلىپ، بۇلتۇر كۈز، بۇ يىل ئەتىياز يېڭىدىن 15 مىڭ 500 مو يەرگە ئانار، ئۈزۈم، ئۆرۈك، چىلان كۆچىتى قويغان.
بەشكېرەمنىڭ كەلگۈسى باغۋەنچىلىكى ئۈستىدە قانداق پىلان - تەسەۋۋۇرلار بار؟ — دەپ سورىغان سوئالىمىزغا جاۋابەن يېزا باشلىقى ئەركىن ئابدۇرېھىم ماۋۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى:
— تۆۋەن ھوسۇللۇق باغلارنى يۇقىرى ھوسۇللۇق باغلارغا ئۆز-

خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، 10 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە 200 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ چىقىرىپ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ قوللى-شىنى قولغا كەلتۈرۈپ، «توختاش جاڭگىلى» دىن بوز يەر ئېچىپ 12 مو يەردە ئۈزۈملۈك، ئەنجۈرلۈك، 10 مو يەردە ئانارلىق، 16 مو يەردە ئۆرۈكلۈك باغ ئەھيا قىلغان، 30 نەچچە مو يەرنى تېرىقچى-لىق قىلىشقا تەييارلىغان. كۆچەت يېتىشتۈرۈشتە كۆچەتلەرنىڭ سەر-خىل بولۇشىغا ئەھمىيەت بەرگەن؛ كۆچەت تىكىش، پەرۋىش قىلىش، ئەي قىلىپ مېۋىگە كىرگۈزۈش جەھەتلەردە تېخنىكىلىق تەلەپ بويىچە ئىش كۆرۈپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشقان. نەتىجىدە ئۇنىڭ بېغىنىڭ مەھسۇلاتى يىلدىن - يىلغا ئاشقان. سەككىز يىل جەريانىدا ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ باغ ۋە چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق-تىن قىلغان كىرىمى 450 مىڭ يۈەندىن كۆپرەككە يېتىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 50 نەچچە مىڭ يۈەندىن توغرا كەلگەن. ئىقتى-سادىي كىرىمىنىڭ يىلدىن - يىلغا ئېشىشىغا ئەگىشىپ ئائىلە شارائى-تىمۇ ياخشىلانغان. ئىگىلىشىمىزچە يېقىنقى بىرنەچچە يىل ئىچىدە، ئۇ 120 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىپ 700 كۋادرات مېتىر يەرگە ئۆي سېلىپ ئولتۇراق ئۆي شارائىتىنى ياخشىلىۋاپتۇ؛ يەنە 30 مىڭ يۈەنگە يېقىن مەبلەغ سېلىپ، 400 كۋادرات مېتىر يەرگە ئې-غىل- قوتان سېلىۋاپتۇ؛ ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ بولتۇر باغۋەنچىلىكتىن قىلغان كىرىمى 25 مىڭ يۈەنگە، چارۋىچىلىقتىن قىلغان كىرىمى 15 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىقتىن قىلغان كىرىمى 13 مىڭ يۈەنگە يېتىپتۇ، ھازىر ئۇنىڭ ئائىلىسىدە 120 تۇياق ئۇششاق چارۋا، تىكىل-گىنىگە يەتتە - سەككىز يىل بولغان 1000 تۈپتىن ئارتۇق تېرىكى بار ئىكەن. بۇ يىل ئانار، ئۈزۈمدىنلا 20 توننىدىن كۆپرەك مەھسۇ-لات ئاپتۇ، بۇغداي مەھسۇلاتى 15 توننىغا يېتىپتۇ، ئۆرۈك سېتىپ 3000 يۈەن كىرىم قىپتۇ، چارۋىلىرىنى بۇ يىل قىش، كېلەر يىلى ئەتىيازدىن بىخەتەر چىقىرىش ئۈچۈن، 110 توننا سىلوس بېسىۋاپتۇ.

بىز ئابلىمىت يۈسۈپنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يېڭىدىن ئەھيا قىلغان ئۆرۈكلۈك بېغىنى زىيارەت قىلدۇق.

تىلىپ چۈرۈدەپ سېلىنغان بۇ قوتاننىڭ ئىچى ياخشى پىلانلانغان بولۇپ كاللارنى سۇغىرىش، يەم - بوغۇز بېرىشتىن تاكى ئوغۇت-قىغلىرىنى يۆتكەشكىچە بولغان ئىش تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى تېخنىكى-ۋى ئۆلچەم بويىچە تەييارلانغانىدى، قوتاندىكى 80 تۇياقتىن ئارتۇق كاللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تەييار بولغان بولۇپ، سېمىزلىكىدىن بەزىلىرىنىڭ دۈمبىسىدە تۇخۇم توختايتتى.

— خاسىيەتلىك ئىشقا تۇتۇش قىپلا، قىلغان ئەجىرلىرىگە يارىشا كىرىملىرىمۇ ئاز - تولا بولسا كېرەك؟ — سورىدۇق بىز سوپى ئىبرا-ھىمدىن زىيارىتىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەقسىتىدە.

— بازار ئىگىلىكى كۈچەيتىلىپ، ئىقتىسادىي ئۇنۇم تەكىتلىنىۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە پايدىسى يوق ئىشنى كىممۇ قىلىدۇ دەيلا، — دېدى ئۇ، سورىغان سوئالىمىزغا چاقچاق ئارىلاش جاۋابەن، — ئۈچ يىل بوپتۇ، بۇ كەسىپكە ئاز - تولا مىدىرلىۋىدىم، مىدىرلىغاننىڭ پايدىسى-نى كۆردۈم.

سوپى ئىبراھىمنىڭ سۆزلەپ بېرىشچە، ئۇنىڭ ئائىلىسى 1999- يىلى كەنت رەھبەرلىكىنىڭ قوللىشى بىلەن بىر مو يەر تەييارلاپ 50 — 60 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، كالا بورداش ئۈچۈن قوتان سالغان؛ ئارقىدىنلا مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ قوللىشى بىلەن يېتەرلىك مەبلەغ تەييارلاپ، ھەر تۆت ئايدا 50 تۇياق كالىنى بورداققا سېلىپ، يىلىغا 150 — 200 تۇياققىچە كالىنى بورداپ سېتىپ، ئۈچ يىل ئىچىدە بازارنى 100 توننىدىن ئارتۇق تاۋار گۆش بىلەن تەمىنلەپ 50 مىڭ يۈەن ساپ پايدا ئالغان. ھازىر ئۇنىڭ ئائىلىسىدە 200 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا ئايلانما مەبلەغ بار ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ ئائىلىسى بىر تۈركۈم مەبلەغ ئاجرىتىپ سوتكىسىغا 200 كىلوگرام ياغ تارتىش ئىقتىدارىغا ئىگە كىچىك تىپتىكى ياغ زاۋۇتى-دىن بىرنى قۇرۇپ، بىر تەرەپتىن بازارنى سۇماي بىلەن تەمىنلەپ ئائىلە كىرىمىنى كۆپەيتسە، يەنە بىر تەرەپتىن كۈنجۈرىسى بىلەن كالا بورداشنى ئىشقا ئاشۇرۇپتۇ؛ ئىككى دېھقان بالىسىنى بورداقچىلىق تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلەپ 500 يۈەندىن ئىش ھەققى بىلەن

گەرتىشنى چىڭ تۇتۇش ئاساسىدا يېزىمىزنىڭ ئەۋزەل شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، ھەر يىلى 3000 مو يەر ئېچىپ باغ ئەھيا قىلىپ، 2005- يىلىغا بارغاندا باغ كۆلىمىنى 10 مىڭ مو كۆپەيتىپ، ئومۇمىي باغ كۆلــمــىنى 52 مىڭ موغا يەتــكۈزۈپ، كىــشى بېشىغا 1.7 مودىن باغ توغرا كەلتۈرسەك، 1400 باغۋەنچىلىك كەسپىي ئائىلىسىنى 2400 گە يەتكۈزۈپ، بۇ ئائىلىلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمىنى 2500 — 3500 يۈەنگە يەتكۈزسەك شۇ ۋاقىتلارغا بارغاندا، يېزىمىز بويىچە بەسلەشكەن (كۆلەملەشكەن، كەسىپلەشكەن، تاۋارلاشقان، ئەلا سورتلاشقان، ئىلمىيلەشكەن) باغۋەنچىلىك ئائىلىلىرى ھەممە يەردە قەد كۆتۈرسە «بېغى بارنىڭ تېغى بار» دېگەن ھېكمەت ئۆز مەنىسىنى ھەقىقىي تاپماسمۇ؟

2002- يىل ئۆكتەبىر

## چارۋا بېقىپ ياغ چايناۋاتقان نەزەرباغلىقلار (2)

بىز قەشقەر شەھىرىگە تەۋە نەزەرباغ يېزىسىنىڭ قاساپ مەھەللە 12- كەنت تەۋەسىگە يېتىپ كەلگەندە كونا چاشگاھدىن ئۆتكەنىدى.

— ئەنە ئاۋۇ دەرۋازىلىق ئائىلە سىلەر زىيارەت قىلماقچى بولغان سوپى ئىبراھىم ئائىلىسى بولىدۇ، — دېدى بىزنى باشلاپ كەلگەن كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئابدۇقېيۇم ياسىن كۆركەم ياسالغان بىر قورۇنى كۆرسىتىپ.

بىز سوپى ئىبراھىم ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن قىزغىن كۆرۈشتۇق ۋە كېلىش مەقسىتىمىزنى ئۇنىڭغا ئېيتقاندۇق، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— قوتانلىرىمنى ئارىلاپ چىقىڭلار، ئاندىن ئەھۋاللاشساق، — دېدى.

بىز ئۇنىڭ يول باشلىشى بىلەن قوتانغا قەدەم ئالدۇق. كۆلىمى 700 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان، ئۈچ تەرىپى كۈنگەي تەرەپكە قارى-

سىلىشىگە ئەگىشىپ، دېھقانلارنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىمۇ يىلدىن-
يىلغا ئېشىپ بارغان. ھازىر كەنت بويىچە 470 ئائىلىدە تېلېۋىزور،
329 ئائىلىدە تېلېفون، 23 ئائىلىدە چوڭ - كىچىك ئاپتوموبىل،
32 ئائىلىدە چوڭ - كىچىك تراكتور، 74 ئائىلىدە ئۇن - ياغ تارتىش
زاۋۇتى بار بولغان.

— قاسساپ مەھەللە 12- كەنت دېھقانلىرىنىڭ چارۋا بورداپ
سېتىش ئائىلە كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى ئىلغار تەجرىبىسى نەزەرباغ
دېھقانلىرىنى باي بولۇشقا يېتەكلەشتە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى، —
دېدى جۇرئەت ئىسلام زىيارىتىمىز ئاخىرىدا، — بۇ كەنتنىڭ تۈرتكە-
سىدە يېزىمىز دېھقانلىرىنىڭ چارۋا بورداپ سېتىش قىزغىنلىقى ئاش-
تى، يېزىمىز ئۈچ يىل ئىچىدە بۇ كەسىپ ئۈچۈن 7 مىليون 500
مىڭ يۈەن پۇل ئاجراتتۇق، 210 ئائىلىگە 200 مو يەر ئاجرىتىپ
بەردۇق. بۇلتۇر يېزىمىز بويىچە ئومۇمىي چارۋا 55 مىڭ 706 تۇياقتا
يېتىپ 1999- يىلدىكىدىن 17 مىڭ تۇياق كۆپەيدى، بۇ يىل يەنە
2002- يىل يېزا بويىچە چارۋىچىلىق كەسپىي ئائىلىسى 150 كە،
ئۆي قۇشلىرى باقمىچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلە 60 قا،
بورداۋاتقان قوي، كالىسى 7500 تۇياقتا، توخۇ، كەپتىرى 180
مىڭدىن ئېشىپ كەتتى؛ ھازىر كەسپىي ئائىلىلەر ئىچىدە بىراقلا 60
باش كالا، 300 تۇياق قوي بوردايدىغانلار بارلىققا كەلدى، كەسپىي
ئائىلىلەرنىڭ چارۋىچىلىقتىن قىلغان كىرىمى ئومۇمىي چارۋا كىرى-
مىنىڭ 30% ىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. بۇ يىل يەنە چارۋىلار
ئۈچۈن 10 مىڭ توننا سىلوس بېسىۋالدۇق، كەسپىي ئائىلىلەرنىڭ
ئەڭ كۆپ باسقان سىلوسى 450 تونناغا يەتتى. مۇشۇ سۈرئەت بىلەن
مېڭىپ 2005- يىلىغا بارغاندا، يېزىمىز بويىچە چارۋىچىلىق كەسپىي
ئائىلىلىرى ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ 20% ىنى، چارۋىچىلىقتىن
قىلىنغان كىرىم ئومۇمىي كىرىمنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلە-
شى تۇرغان گەپ.

2002- يىل 10- ئاينىڭ 22- كۈنى بىز قەشقەر شەھىرىگە تەۋە
نەزەرباغ يېزىسىنىڭ قاسساپ مەھەللە 12- كەنتىگە قىلغان زىيارىتىم-

گۆركىرەشلىرى، ئاپتوموبىل، تراكتورلارغا پولات تۇرۇبا، پولات چىۋىق بېسىۋاتقان كرانلىق ئاپتوموبىللارنىڭ ئاۋازلىرى، تراكتور، ئات، ئېشەك هارۋىلىرىغا پولات چىۋىق، ياغاچ ماتېرىياللىرى بېسىۋاتقان ئىشلەمچى دېهقان يىگىتلىرىنىڭ هە - هۇيلىرى قوشۇلۇپ بازارنى ئاجايىپ قايناق تۈسكە كىرگۈزگەنىدى. پولات چىۋىق، ياغاچلارنى يۆتكەۋاتقان تراكتور، هارۋىلارغا بېسىۋاتقان دېهقان باللىرىنىڭ ئەمگەك سۆيەر روهى بىزگە زوق ئاتا قىلىپ ئۇلارنىڭ دەسسىگەن هەربىر ئىزىدىن گۈل ئۈنۈپ چىقىۋاتقاندەك هېس قىلدۇراتتى.

— بىزدە «ئۆزۈڭنى خار قىلغۇچە، كۈچۈڭنى خار قىل» دەيدىغان هېكمەتلىك گەپ بار، — دېدى پولات چىۋىق تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئابدۇرېشىت ئابدۇرۇسۇل سۆهبىتىمىزنىڭ بېشىدىلا، — بۇ دېهقان باللىرى بىرنەچچە يىلنىڭ مابەينىدە «ئۈجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ ئولتۇرماي، دېهقانچىلىقنىڭ ئارىسال ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، بازىرىمىزغا يۈزلىنىپ، كىراكەشلىك، ئىشلەمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىۋىدى، سەرپ قىلغان كۈچىگە لايىق يانچۇقىمۇ پۇل كۆردى.

ئىگىلىگەن ئەهۋالدىن قارىغاندا قەشقەر شەهىرىدىكى پولات، ياغاچ ماتېرىياللىرى سودا بازىرىنىڭ تەدرىجىي كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ پولات، ياغاچ ماتېرىياللىرىنى توشۇش، يۆتكەش ئىشلىرىغا بولغان ئېهتىياج ئاشقان. بۇ ئۇچۇردىن خەۋەر تاپقان شەهەر ئەتراپىدىكى يېزا-كەنتلەردىن بىر تۈركۈم دېهقان باللىرى دېهقانچىلىقنىڭ ئارىسال ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ، بۇ بازارغا يۈزلەنگەن. هازىر پولات، ياغاچ بازىرىدىلا شەهەر ئەتراپىدىكى دېهقان باللىرىدىن 100 نەچچىسى ئىشلەيدىكەن، پەقەت نەزەرباغ يېزا بۇچى 13- كەنتتىن كېلىپ ئىشلەيدىغان دېهقان باللىرىنىڭ سانىلا 50 نەچچىگە يېتىدىكەن. بۇ دېهقان باللىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنىڭ تراكتور، ئات، ئېشەك هارۋىلىرى بار بولۇپ قوشۇمچە كىراكەشلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئەڭ كۆپ بولغاندا،

مىزنى ئاخىرلاشتۇرۇغان بولساقمۇ، قاق سەھەردە قولىغا كۆرەك ئېلىپ قوي، كالىلىرىغا يەم - بوغۇز تۆكۈۋاتقان نەزەرباغ دېھقانلىرى-نىڭ ئىشچان سىيماسى كۆز ئالدىمىزدىن نېرى كەتمىدى.

2002- يىل ئۆكتەبىر

## «دېھقان بالىلىرى، سىلەرگە دەيدىغان بىر گېپىمىز بار» (3)

بىز «ئانا يۇرتتا ئالتۇن كۈز» زىيارىتى بىلەن بولغان كۈنلەردە، قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدىكى يېزا - كەنتلەردىن 100 نەچچە دېھقان بالىلىرىنىڭ قەشقەر شەھەرلىك پولات، ياغاچ ماتېرىياللىرى سودا بازىرىدا ئىشلەمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ پۇل تېپىۋاتقانلىقىنى، بەزىلىرىنىڭ بۇ ئىش بىلەن خېلى كۆپ پۇل تېپىپ، ئائىلىسىنىڭ ھاللىق سەۋىيىگە يەتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ بىزدە ئۇلارنى زىيارەت قىلىش ئىستىكى تۇغۇلغانىدى. بۇ ئارزۇيىمىز 2002- يىل 11- ئاينىڭ 12- كۈنى ئەمەلگە ئېشىپ قەشقەر شەھەرلىك پولات، ياغاچ ماتېرىياللىرى سودا بازىرىدا زىيارەتتە بولدۇق.

پولات، ياغاچ ماتېرىياللىرى سودا بازىرىنىڭ مەسئۇللىرى كې-لىش مەقسىتىمىزنى ئۇققاندىن كېيىن، بىزنى ئالدى بىلەن بازارنى ئايلىنىپ كۆرۈپ بېقىشقا تەكلىپ قىلدى، بىز ئۇلارنىڭ يول باشلىشى بىلەن بازارنى ئارىلىدۇق. گەرچە ۋاقىت كەچ كۈز ئايلىرىنىڭ ئوتتۇ-رىلىرىغا بېرىپ قالغان بولسىمۇ، بۇ ئىككى بازاردىكى سودا - سې-تىق، ئېلىم - بېرىم ئىشلىرى تولىمۇ قىزغىن داۋاملىشىۋاتاتتى. تىجارەتچىلەرنىڭ دۇكانلىرىنىڭ ئالدى - كەينى، مەيدانلارغا ئاسمان-پەلەك قىلىپ بېسۋېتىلگەن پولات تۇرۇبا، پولات چىۋىقلار، ھەرخىل خا، جەگە ياغاچلار، تىلدۇرۇپ تەييارلانغان ياغاچ شاللىرى ئاجايىپ ھەيۋەت كۆرۈنەتتى... پولات تۇرۇبا، پولات چىۋىق، ياغاچلارنى خېرى-دارلارنىڭ ئېھتىياجىغا لايىقلاشتۇرۇپ كېسىۋاتقان توك ھەرىلىرىنىڭ

قىردى، ھالىلىنىش يولىدىكى ئىزنىڭلار گۈلگە تولسۇن.

2002- يىل نويابىر

## «ھۈنەرۋەن تۇغىدىغان يۇرت» (4)

— شەھىرىمىزنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىگىلىكى تەرەققىياتىدا، — دېدى قەشقەر شەھىرىنىڭ باشلىقى پەرھات خالىق بىر قېتىملىق سۆھبىتىمىز ئارىلىقىدا، — نەزەرباغ دېھقانلىرىنىڭ قوشقان تۆھپىسى خېلىلا چوڭ. شەھىرىمىزدە 10 ھۈنەرۋەن بولسا بۇنىڭدىن ئۈچ - تۆتى نەزەرباغدىن چىقىدۇ، بۇ يۇرتنى «ھۈنەرۋەن تۇغىدىغان يۇرت» دېسەك ئارتۇق كەتمەس. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان نەزەرباغ دېھقانلىرى ھۈنەر - كەسپىنى قانات قىلىپ، بېيىش كۆكىدە پەرۋاز قىلىپ كەلمەكتە.

بىز بۇ يىپ ئۇچىغا ئاساسەن نەزەرباغ يېزىسىدا زىيارەتتە بولدۇق. يېزا باشلىقى ئابدۇقادىر توخسۇن، يېزىلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇرئەت ئىسلام قاتارلىقلار يېزا ئورگىنى قورۇسىدا بىز بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ، مەقسىتىمىزنى ئۇققاندىن كېيىن:

— كەنت - مەھەللىلەرنى ئارىلاپ، بىرنەچچە ھۈنەرۋەن ئائىلىسىنى كۆرۈپ باقساڭلار، ئاندىن ئەھۋاللاشساقمۇ كېچىكمەيمىز، — دېدى.

بىز رازىلىق بىلدۈرۈپ ئۇلارنىڭ يول باشلىشى بىلەن، يېزا بويىچە قول ھۈنەرۋەنچىلىكتە داڭقى بار بىرنەچچە كەنت - مەھەللە، بەزى دېھقان ئائىلىلىرىگە بېرىپ، قولى گۈل دېھقانلارنىڭ ئىشلىگەن نەپىس بۇيۇملىرىنى كۆردۇق. بۇ ھۈنەرۋەن ئۇستىلار ئىشلىگەن سازدۇق، دوپپا، پىچاق، ئىشكاپ، زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى شۇنداق كۆركەم، شۇنداق نەپىس ياسالغانكى، بازارغا ئېلىپ بېرىلىشى ھامان، خېرىدارى «مانا مەن» دەپ چىقىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

شىقلاپ ئىشلەش، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى تىجارىتى قاتارلىق 20 نەچچە خىل ھۈنەر - كەسىپكە تەرەققىي قىلغان. 2001- يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە يېزا بويىچە 2-، 3- كەسىپتىن قىلىنغان كىرىم ئومۇمىي كىرىمنىڭ 71% نى ئىگىلەپ، يېزا نوپۇسى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1476 يۈەندىن توغرا كەلگەن. ھازىر يېزا بويىچە 60% تىن كۆپرەك ئائىلە چارۋىچىلىق، باغ - ئورمانچىلىق، كۆكتاتچىلىق، ھەرخىل قوشۇمچە كەسىپ، قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن؛ ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوم، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتكۈزگەن 300 نەپەردىن ئارتۇق ياش ئىش ئورنى تېپىپ، ھەر خىل ھۈنەر - كەسىپ، تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىۋېتىپتۇ؛ ھەرقايسى كەنت - مەھەللىلەردە ئوخشىمىغان دەرىجىدە 10 مىڭ يۈەنلىك، 100 مىڭ يۈەنلىك ئائىلىلەر مەيدانغا كەپتۇ. پەقەت يۇقارقى قازىرىق 10- كەنتتىدىلا 170 ئائىلە ساندۇقچىلىق، 152 ئائىلە دوپپىچىلىق، كەشتىچىلىك، 85 ئائىلە ياغاچچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن.

بىز يېزا مەسئۇللىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ يول باشلىشى بىلەن قاسساپ مەھەللە 12- كەنت 4- مەھەللىدىكى مامۇتھاجى ئەمەتنىڭ ياغ زاۋۇتىنى زىيارەت قىلدۇق. ئۇقۇشىمىزچە، كۆلىمى 2000 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان، 2 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، قۇرۇلۇشىغا 1999- يىلى 10- ئايدا ئىش باشلىنىپ 2000- يىلى 5- ئايدا پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن بۇ ياغ زاۋۇتىنىڭ زاۋۇت گەۋدىسى 730 كۋادرات مېتىر كۆلەمدە بولۇپ، قالغان قىسمى ئامبار، ياتاق ئۆي، ئىشخانا، مەيدانلاردىن تەركىب تاپقانىكەن. ھەربىرى سوتكىسىغا ئىككى توننىدىن ياغ چىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئېزىش ماشىنىسىدىن ئۈچنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، دېھقان پەرزەنتىدىن ئۈچنى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. يەنە دېھقان پەرزەنتىدىن 30 نى ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىپ، مۇناسىۋەتلىك بىلىملەر بىلەن تەربىيەلەش ئارقىلىق ئۇلارنى ئىسمىنا، ھەرقايسى ئىش تۈرلىرى بويىچە ئىشقا ساپتۇ. ئۇلارغا 500 يۈەندىن 1000 يۈەنگىچە ئىش ھەققى بېرىدىكەن. ئىككى يىل مابەينىدە بۇ زاۋۇت 100 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا

— نەزەرباغ دېھقانلىرى بىكار يۈرۈشنى ئەزەلدىن نومۇس دەپ بىلىدۇ،— دېدى ئابدۇقادىر توخسۇن بىزگە ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ،— ئۇلار كۈندۈزلىرى ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانسا، كېچىلىرى ھۈنەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. «ئەجرىنىڭ تېگى ئالتۇن» دېگەندەك، ئۇلار تەر ئاققۇزۇپ بىرنەچچە يىل ئەجىر قىلىشىدى، سىڭدۈرگەن ئەجرىگە لايىق ھۈنەرنىڭ مېغىزىنى چاقتى.

ئىگىلىگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا ئىلگىرى نەزەرباغ يېزىسىدا قول ھۈنەرۋەنچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلىلەر دېھقان ئائىلىلىرى ئىچىدە خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەپ، ئۇلارنىڭ تىجارىتى روناق تېپىپ، قەشقەر بازارلىرىنى نىسبەتەن ئاۋاتلاشتۇرغان بولسىمۇ، كېيىنكى بىر مەزگىل ھۆكۈم سۈرگەن سول لۇشيەننىڭ كاساپىتى تۈپەيلىدىن، ئۇ ھۈنەر - كەسىپ ئائىلىلىرى چەتكە قېقىلىپ، تىجارىتى توختىتىلىپ، ھۈنىرى بوغۇپ قويۇلغان. كېيىن سىياسەت ئۆڭلىنىپ يېزىلاردا تېرىقچىلىق ئەركىنلىكى قويۇۋېتىلگەندىن باشلاپ، بۇ يېزا دېھقانلىرى ھۈنەر - كەسىپنى يەنە يېڭىۋاشتىن قولغا ئالغان.

يېزا رەھبەرلىكى ئۆز يېزىسىنىڭ شەھەرگە يېقىن بولۇش، دېھقان ئائىلىلىرى ئىچىدە ھۈنەر - كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار كۆپ بولۇشتەك ئەۋزەل شارائىتنى چىقىش قىلىپ، يېزىلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش خىزمىتىگە بىرىكتۈرۈپ، يېقىنقى بىرنەچچە يىل ئىچىدە تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش بىلەن بىر چاغدا، بۇ ئائىلىلەرنى يېتەرلىك مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگەن، ئۇلارنىڭ ئۆز ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ كەسىپ دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە، ھۈنەر - كەسىپنى سەرخىللاشتۇرۇشقا يار - يۆلەك بولغان. يېزا رەھبەرلىكىنىڭ يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈشى، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ «يېشىل چىراغ» يېقىپ بېرىشى ئارقىسىدا يېزا بويىچە ئىلگىرىكى بەش - ئالتە خىل كەسىپ باغ ساياھەتچىلىكى، قەنت - ناۋاتچىلىق، ساندۇقچىلىق، دوپپا تىكىش، كەشتىچىلىك، پىچاقچىلىق، خۇمدانچىلىق، ھەر خىل پىش-

# بۇچىدىن ئۇچقان «لاچىن» لار

*«ئانا ۋەتىنىڭگە بولغان سۆيگۇ - مۇھەببىتىڭنى ئالدى بىلەن ئۆز ئائىلەڭ-گە، يۇرتداشلىرىڭغا بېغىشلىماي تۇرۇپ، كۆپكە ئورتاق بولىمەن دېيىش، بىمەنە خاراكتېر، ياسالمىلىق ئەمەسمۇ؟ ! »*

*«قىيادىكى ئۇۋچىنىڭ ئامۇزارى» دىن*

## سۆز بېشى

قانىتى بولمىسا لاچىن ئاسماندا ئۇچالمايدۇ، ئىگىلىكى تەرەققىي قىلمىغان، ئىقتىسادى راۋاجلانمىغان يۇرتنىڭ، ئاۋامنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشى كاپالەتكە ئىگە بولالمايدۇ. لاچىنغا كەڭ ئاسماندا پەرۋاز قىلىش ئۇچۇن بىر جۇپ قانات كېرەك، يۇرتنىڭ، ئاۋامنىڭ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىشى، تەرەققىي قىلىشى ئۇچۇن يېتەرلىك ئىقتىساد كېرەك. تامچە - تامچە سۇلار يىغىلىپ ئۆستەڭ، دەريا ھاسىل قىلىدۇ، كىچىك - كىچىك ئائىلە ئىگىلىكىدىن يۇرت ئىگىلىكى تىكلىنىدۇ. ئۆز يۇرتى، ئۆز خەلقى ئۇچۇن ئىگىلىك تىكلىگەنلەر شۇ يۇرت خەلقىنىڭ قەلبىدىن مەڭگۇ ئورۇن ئالىدۇ. بېيىش كۆكىدە پەرۋاز قىلىۋاتقان بۇچىدىن ئۇچقان «لاچىن» لار ئۆز يۇرتىنىڭ، ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئىگىلىكىنى تىكلەشتە بىر تەرەپتىن ئەجدادلىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئەجدادلىرى مېڭىپ باقمىغان ئىگىلىك تىكلەش يوللىرىنى يېڭىۋاشتىن ئېچىپ، ئۆز يۇرتى ئۇچۇن تۆھپە يارىتىپ، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ روھىغا تەسەللى بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن كەلگۇ-

كىرىم قىلىۋاپتۇ. مامۇتھاجى ئەمەت باي بولغاندا باشقىلارغا يار-يۆلەك بولۇشنى ئېسىدىن چىقارماي، مۇشۇ بىرنەچچە يىل ئىچىدە قىيىنچىلىقى بار دېھقان ئائىلىلىرىگە 20 مىڭ يۈەن قىممىتىدە كۆمۈر، كىيىم - كېچەك ياردەم قىپتۇ.

— يېزىمىز بۇنىڭدىن كېيىن-ھۈنەر - كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلىلەرنى راۋاجلاندۇرۇشتا، — دېدى ئابدۇقادىر توقسۇن سۆھبىتىمىزنىڭ ئاخىرىدا، — سىياسەتتە يەنىمۇ كەڭ بولۇپ، ئېتىبار بېرىش جەھەتتىكى بەلگىلىمە - تۈزۈملەرنى تېخىمۇ ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، ھەربىر دېھقان ئائىلىسىدە بىردىن ھۈنەرنىڭ گۈلىنى ئېچىلدۇرۇپ، يۇرتىمىز نەزەرباغنىڭ ئىسمى - جىسمىغا لايىق «ھۈنەرۋەن يۇرتى» بولۇپ قېلىشىغا كۈچ چىقىرىمىز.

2002 - يىل نويابىر



«ئاتا - ئاناڭ ياشاپ ئۆتكەن ئەزىز يۇرتۇڭنى باغ ئەتسەڭ، كېلەچەكتە سېنىڭ نەسلىڭكى ئۆزگە ئىنتىزار بولماس» دېگەن ناخشىنى قەلبىگە مەھكەم پۈكۈپ، كەتمىنىنى يېڭىۋاشتىن قولىغا ئېلىپ ئاتا - بوۋىسىنىڭ ئىزىدىن بېسىپ، يۇرت قىياپىتىنى يېڭىلاشقا ئاتلانغان. دېھقانلىرى زىرائەت تېرىپ، باغ - ئورمان ئەھيا قىلىپ، چارۋا ماللىرىنى كۆپەيتىپ، ئائىلە ئىگىلىكىنى زورايتسا، ھۈنەرۋەن - كاسىپلىرى قوشۇمچە ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ، تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، پۇل تېپىشنىڭ چارە - ئۇسۇللىرى ئۈستىدە ئىزدەندى. نەتىجىدە بىرنەچچە ئون يىل جاپالىق تىرىشىش، ئىزدىنىش ئارقىلىق بۇ يۇرتنىڭ قىياپىتىدە چوڭ يۈكسىلىش ھاسىل بولۇپ، بۇ يىلنىڭ بېشىغا كەلگەندە، كەنت بويىچە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغ - ئورمانچىلىق، قوشۇمچە كەسىپتىن قىلىنغان ئىقتىسادىي كىرىم 60-يىللارنىڭ باشلىرىغا سېلىشتۇرغاندا بىرنەچچە قاتلانغان. يىلىغا بىرنەچچە تونىنا ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان، 100 تۇياق كالا، 1500 تۇياقتىن ئارتۇق ئۇششاق چارۋا بورداپ ساتىدىغان، كۈنلۈكى بازارنى 200 كىلوگرام كالا سۈتى بىلەن تەمىنلەيدىغان دېھقان، چارۋىچى كەسپىي ئائىلىلەر مەيدانغا كەلگەن. ھازىر كەنت بويىچە 814 كىشى 16 خىل كەسىپ بويىچە تىجارەت قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلغان بولۇپ، بۇنىڭدىن 132 كىشى تامچىلىق، ياغاچچىلىق بىلەن، 345 كىشى دوپپا تىكىش - كەشتىچىلىك بىلەن، 94 كىشى موزدۇزلۇق - ۋاپۇرۇچلۇق بىلەن، 110 كىشى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن؛ ئومۇمىي مەبلىغى 1 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان ئائىلە 12 گە، 500 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغان ئائىلە 14 كە، 100 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغان ئائىلە 29 غا، 50 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغان ئائىلە 100 دىن كۆپرەككە يەتكەن. پۈتۈن كەنت ئائىلىسىنىڭ 60% تىن كۆپرەكى يەر تەۋرەشكە چىدامىلىق، پىششىق خىشلىق ئۆيلەرنى سېلىپ كۆچۈپ چىقىۋالغان؛ 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ ئولتۇراق ئۆي شارائىتىنى ياخشىلىۋالغان ئائىلە 60 قا يەتكەن؛ توققۇز ئائىلە كەنت تەۋەسىدىكى ئولتۇراق ئۆي شارائىتىنى ياخشىلى-

غان، يەر تەۋرىگەن، كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەرگەن جايلارغا ياردەم بېرىدىغانغا ئوخشاش ياخشى ئىش، ياخشى ھەرىكەتلەر يىلسېرى كۆپەيـ گەن؛ يېقىنقى بەش يىلدا كەنت بويىچە يوقىرىدىكى مۇشۇ خىل ئىشلارغا ياردەم قىلىنغان پۇل 1 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن.
كەنتتە يەنە ئائىلە ئىگىلىكى تەرەققىي قىلىپ، تىجارەتتى جانلانغان مىليونېرلىق تۆت ئائىلە ــ ئابلىمىت ئابدۇرۇسۇل، ئۆمەر مۇسا، مىررەخمەت كېرىم، مۇھەممەتتۇرسۇن ئابدۇكېرىم ئائىلىسى ئۆز كەسپى بويىچە قەشقەر شەھىرىدە «قەشقەر غەربىي يولتۇز مېتال ماتېرىياللىرى سودا چەكلىك شىركىتى»، «قەشقەر سەندەل ماددىي ئەشيا چەكلىك شىركىتى»، «قەشقەر كىروران پولات چۆيۈن ھەسسىدارلىق شىركىتى»، «ئانا دىيار دوختۇرخانىسى»، «ئوردا پولوخانىسى» قاتارلىق شىركەت، دوختۇرخانا، تېز تاماقخانىلارنى قۇرغان ياكى ئاچقان. يەنە تېتىرباغ مەھەللىسىدىن مىليونېر تۇرغۇنجان روزى ئائىلىسى خوتەننىڭ قاراقاش ناھىيىسىدە قۇرۇلغان جۇڭگو ـ كانادا ھەمكارلىقىدىكى جۇڭگو شىنجاڭ «شەندى ياڭياڭ» باقمىچىلىق چەكلىك شىركىتىگە بۇلتۇر 10ـ ئايدا 500 مىڭ يۈەن پاي قوشقان.

## «تاشقا گۈل چەككەن دېھقان»

تۆت ئەتراپى قويۇق ئۆسكەن تېرەك، جىگدە دەرەخلىرى بىلەن قاپلانغان يۇرت ـ مەھەللىدە «تاشقا گۈل چەككەن دېھقان» دەپ تەرىپلەنىدىغان مۇھەممەتزۇنۇن ياسىننىڭ يېڭىدىن ئەھيا قىلىنغان باغ- ئورمانچىلىق مەيدانىغا يېتىپ كەلگىنىمىزدە، كۈن چاشگاھدىن ئاشقانىدى. مۇھەممەتزۇنۇن ياسىن مەيداندىكى ئۈجمە، تېرەك كۆچەتلىرىگە سۇ قويۇۋاتقانىكەن. ئۇ بىز بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن كېلىش مەقسىتىمىزنى ئۇقتى بولغاي بىزنى ئۆزۈم تېلى بارىڭى ئاستىغا باشلاپ ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ بەردى.
ئىگىلىگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا مۇھەممەتزۇنۇن ياسىن 1994ـ يىلى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن 100 مىڭ يۈەندىن

ۋالغاندىن باشقا، 2 مىليون يۈەندىن كۆپرەك پۇل خەجلەپ قەشقەر شەھىرى ئىچىدىن قەۋەتلىك بىنادىن تاۋار ئۆيى سېتىۋالغان؛ 20 ئائىلىدە يۈك ئاپتوموبىلى، 25 ئائىلىدە پىكاپ، 30 ئائىلىدە قول تراكتورى بار بولغان. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ماددىي شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ مائارىپ، مەدەنىيەت، ساقلىقنى ساقلاش، تەنتەربىيە ئىشلىرىمۇ ئوخشاشلا راۋاجلانغان. كۆلىمى يىلدىغا 100 گە يېقىن مەكتەپ يېشىغا توشقان ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، 100 گە يېقىن ئوقۇغۇچىنى تولۇقسىز مەكتەپلەرگە تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈپ بېرىدىغان، 31 ئوقۇتقۇچىسى، 12 سىنىپى، 500 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىسى بار بۇچى باشلانغۇچ مەكتىپى قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ؛ بىرنەچچە ئون يىلدىن بۇيان چەت ئەللەردىكى، ئىچكىرى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، ۋىلايىتىمىز تەۋەسىدىكى ھەرقايسى ئۇنىۋېرسىتېت، ئىنستىتۇت، تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە بۇچى كەنتىدىن بېرىپ ئوقۇپ مەكتەپ پۈتكۈزۈپ خىزمەتكە چىققان ياكى ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار سانى 500 دىن ئېشىپ كەتكەن؛ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، ئالىم، دوكتور يېتەكچىسى ئابدۇكېرىم راخمان، ئاتاقلىق يازغۇچى ئەخەت تۇردى قاتارلىق 20 گە يېقىن پروفېسسور، دوتسېنت، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر، مۇئاۋىن مۇدىر دوختۇرلار بۇچىدىن يېتىشىپ چىقىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، ئەدەبىيات - سەنئەت، ئاخبارات قاتارلىق ساھەلىرىدە تېگىشلىك تۆھپىلىرىنى قوشماقتا؛ مەنىۋى مەدەنىيەتلىك ئىشلىرى چىڭ تۇتۇلغانلىقتىن، كەنتتە يەنە ناچار ئىستىل، ناچار ئەخلاق، ناچار كەيپىيات، ناچار ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ ئالدى ئېلىنىپ، ياخشى ئەخلاق، ياخشى ئىستىل، ياخشى ئۆرپ - ئادەتلەر ئەۋج ئالغان؛ يۇرت ئىگىلىكى تەرەققىي قىلىپ، ئائىلىلەر بېيىغانلىقتىن، مەكتەپ، دوختۇرخانا سېلىش، يول، كۆۋرۈك ياساش قاتارلىق جامائەت ئەسلىھەلىرىگە پۇل ياردەم قىلىدىغان، يېتىم - يېسىرلار، ئاجىزلارنىڭ بېشىنى سىلايدىغان، قولىدا پۇلى يوق نامرات ئائىلىلەرنى يۆلەيدىغان ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ تويىنى ئۆتكۈزۈپ قويىدى-

ئىگىلىگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا، مۇھەممەتزۇنۇن ياسىن بولتۇر يەنە يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ قومۇشئېرىق يېزىسىدىن 10 ساندۇق ھەسەل ھەرىسى سېتىۋېلىپ مەيداندا بېقىش ئارقىلىق ھەسەل ھەرىسى ساندۇقىنى 40 قا كۆپەيتكەن، ئىككى يىل ئىچىدە 10 مىڭ يۈەنگە يېقىن ھەسەل ساتقان. ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشىلانغاندىن كېيىن، 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلىپ 400 كۋادرات مېتىر كۆلەمدە پىششىق خىشلىق، يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆي سېلىۋالغانلىقىنى، 100 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا پۇل چىقىرىپ ئۈچ پەرزەنتىنى ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇتۇپ بۇنىڭدىن بىرسىنى خىزمەتكە چىقارغانلىقىنى، يەنە ئۆمرىنى ئۇزاق قىلسا مەيداننى يەنىمۇ گۈللەندۈرۈپ، ئىگىلىكىنى زورايتىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

ۋاقىت چىڭقىچۈشكە ئۇلاشقانىدى، بىز 50 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان، بەستىدىن كۈچ - قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بۇ دېھقاننىڭ غەيرىتىگە ياخشى تىلەكلەرنى تىلەپ زىيارىتىمىزنى ئاخىرلاشتۇردۇق.

## بۇچى ئۆتۈكلىرى لاسادا

كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى قۇربان نۇر بىزگە بۇچى كەنتىنىڭ موزدۇزلۇق تارىخىنى تونۇشتۇرۇۋېتىپ، پارچە بۇچى مەھەللىسىدىكى بىرنەچچە ئەۋلاد موزدۇزلار ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان مەمتىمىن كېرىم، مۇھەممەتتوختى كېرىم، ئېلىجان كېرىم ئۈچ ئاكا-ئۇكىنىڭ 10 يىلدىن بۇيان، شىزاڭنىڭ لاسا شەھىرىدە ئاياغ كىيىم دۇكىنى ئېچىپ، بۇچى موزدۇزلىرىنىڭ تىككەن ئۆتۈكلىرىنى زاڭزۇ قېرىنداشلىرىغا سېتىپ خېلى كۆپ پۇل تاپقانلىقىنى قىستۇرۇپ ئۆتتى. بۇ يىپ ئۇچىغا ئاساسەن بىز مەمتىمىن كېرىم ئائىلىسىنى زىيارەت قىلدۇق. 40 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان، ئوتتۇرا بوي، دوغىلاققىنە كەلگەن مەمتىمىن كېرىم بىزنى قىزغىن قارشى ئېلىپ ۋاسا جۇپلۇك مېھمانخانىسىغا باشلىدى، ئىززەت - ئېكرامدىن كېيىن، ئۇ تىجارەت تارىخىنى تونۇشتۇرۇپ بەردى:

ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ، بۇچى كەنتىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان «جىغان-لىق سايلىقى» دا يەر ئېچىشقا تۇتۇش قىلغان. بىرنەچچە يىلنىڭ مابەينىدە ئائىلىسىدىكىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئىشچان ئىككى بىلە-كىگە تايىنىش ئارقىلىق تاش ئۈستىگە گۈل چېكىپ، تاشلىق سايىنى ئېكىن يەرگە ئۆزگەرتكەن. بۇ جەرياندا بىرنەچچە يۈز كۇب مېتىر ئەت توپا يۆتكەپ كېلىپ تاشلىقنى تىندۇرغان. بىرنەچچە يۈز مېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئېرىق ئالغان، بىرنەچچە يۈز مېتىر ئۇزۇنلۇقتا قىر-تىكەن سوققان، سۇ ئېچىپ يەرنى لايلىتىپ، 50 موغا يېقىن ئېكىن يەر ئېچىپ ھەرخىل زىرائەتلەرنى تېرىپ، شۇ يىلى ئۈنۈمىنى كۆرۈش-كە باشلىغان. مۇھەممەتزۇنۇن ياسىنىنىڭ تۈرتكىسىدە، بۇ كەنتتىكى بىرقانچە ئون ئائىلىلىك دېھقان بۇ تاقىر سايلىقتىن بىرنەچچە يۈز مو يەر ئېچىپ زىرائەت تېرىپ، ئەتراپىغا ھەرخىل كۆچەتلەرنى قوي-غان. بۇنىڭ بىلەن قاقاس سايلىق بوستانلىققا ئايلانغان.

مۇھەممەتزۇنۇن ياسىن ئۆزى ئاچقان مەيداننىڭ بىرنەچچە يىل جەرياندىكى ئىقتىسادىي ئۈنۈمى توغرىسىدا سورىغان سوئالىمىزغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: مەن ئاچقان بۇ يەرنىڭ 10 موسىنى ئالدى بىلەن باغ قىلدىم. ئىككى مو يەردە مەخسۇس ئۆزۈم تېلى يېتىشتۈر-گەندىن باشقا قالغان يەرگە ئۆرۈك، ئالما، كۆك ئامۇت، بادام قاتار-لىق مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ كۆچەتلىرىنى تىكتىم. بۇ كۆچەتلەر ھازىر تولۇق مېۋىگە كىردى. ئائىلىمىزدە كەڭتاشا يەپ - ئىچكەندىن باشقا بىر قىسىملىرىنى بازاردا ساتتۇق. بىرنەچچە يىلنىڭ مابەينىدە 50 تونىندىن ئارتۇق ئاشلىق كىرىم قىلدىم، 30 — 40 مىڭ يۈەنگە مېۋە - چېۋە ساتتىم، مەيداندىكى مېۋىلىك - مېۋىسىز دەرەخلىرىم 3000 — 4000 تۈپتىن ئاشىدۇ. يۇرتىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىنى چە-قىش قىلىپ، مەن يەنە سەككىز مو يەردە تېرەك، تۈت مو يەردە ئۈجمە، ئىككى مو يەردە ياڭاق كۆچىتى يېتىشتۈردۈم. كېلەر يىلى بۇلارنى ساتسام 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلىشىمدا گەپ يوق. «ئەجىرنىڭ تېگى ئالتۇن» دېگەندەك 10 يىل تىرىشىپ ئەجىر قىلىۋىدىم بۈگۈن بۇنىڭ راھىتىنى كۆرۈشكە باشلىدىم.

نىڭ يىللىقىنى 50 مىڭ يۈەنگە ئىجارىگە ئېلىپ ئاياغ كىيىملىرى دۇكىنى ئاچقان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇچى ئۆتۈكلىرى لاسادا سېتىلىشقا باشلىغان. ئاياغ كىيىملىرى تىجارىتىنىڭ تەمىنى تېتىغان مەتتىمىن كېرىم ئىنىسى مۇھەممەتتوختى كېرىمنى لاسادىكى دۇكانغا مەسئۇل قىلىپ، ئۆزى يەنە بىر ئىنىسى بىلەن مال يەتكۈزۈپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. دۇكان ئېچىلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە يىلىغا 400 — 500 ئۆتۈك سېتىلىغان بولسا، ھازىر يىلىغا 7000 — 8000، ھەتتا 10 مىڭغىچە ئۆتۈك سېتىلىدىغان بولغان. يىللىق ئوبوروتىمۇ مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن.

مەتتىمىن كېرىم تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈستىدە توختىلىپ ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: يېقىندىن بۇيان 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ كۆلىمى 1000 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدىغان ئاياغ كىيىم تىكىش كارخانىسى ئۆيى سېلىپ، ئۇنىڭغا كېتەرلىك لازىمەتلىكلەرنى تەييارلىدىم، ئاياغ كىيىم تۈرىنى بۇرۇنقى ئىككى خىلدىن 10 نەچچە خىلغا كۆپەيتتىم. بۇنىڭغا ھىندىستان، نېپال نۇسخىلىرى، باللار ئۆتۈكى قوشۇلدى. كارخانامدا ئىشلەۋاتقان موزدۇز ئۇستىلاردىن باشقا قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدىكى يېزا، كەنتلەردىن 30 ئائىلە، 50 تىن ئارتۇق داڭلىق موزدۇزنى ئاياغ كىيىمى تىكىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ، ئۇلار بىلەن توختامنامە ئىمزالىدىم. خام ماتېرىيال سېتىۋېلىشتا باشتىن - ئاخىر ئۆزۈم مەسئۇل بولدۇم. ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا سۈپەت ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتۇپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتتىم. سۈپەتسىز خورۇم، چەملەرنى ئىشلەتمىدىم. سۈپەت ئۆلچىمىگە توشمىغان ئاياغ كىيىملەرنى لاساغا ئاپپارمىدىم. مال سېتىشتا توپ ۋە پارچە سېتىش ئۇسۇلىنى قوللاندىم. شۇڭا، شىزاڭدىكى خېرىدارلىرىم كۆپەيگەندىن باشقا، چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ بىر قىسىم ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) لىردىن خېرىدارلار كېلىپ مال سېتىۋېلىشقا باشلىدى.

— سېتىپ چىقىرىش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش، خېرىدارلارنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، — دېدى مەتتىمىن

مەمتىمىن كېرىمنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرى دەل پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3- ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئېچىلىپ، يېزا سىياسەتلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشكە باشلىغان ۋاقىتلىرىغا توغرا كەلگەن. مەمتىمىن 14 — 15 ياشقا كىرگەندە، مەكتەپتىن ئايرىلىپ ئاتا كەسپى موزدۇزلۇققا شاگىرتلىققا كىرىپ بەش يىلنىڭ قارىسىنى ئالمايلا ئەرەنچە، ئايالچە ئاياغ كىيىملىرىنىڭ ھەرقاندىقىنى تىكەلەيدىغان، پىچالايدىغان سەۋىيىگە يەتكەن. ئۇنىڭ بالىلىق ۋاقتىدىن باشلاپ ئىشچانلىقى چىقىپ تۇرىدىغان ھالىتىنى سەزگەن دادىسى كېرىم ئاخۇن مەمتىمىننى ۋاپۇرۇچلۇق تىجارىتىگە سېلىش ئويىغا كەلگەن. مەمتىمىن كېرىم دادىسى يىغىپ بەرگەن بىر ئاز دەسمايە بىلەن 80- يىللىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ۋاپۇرۇچلۇق تىجارىتىگە كىرىشكەن. ئۇ بۇ جەرياندا بىر تەرەپتىن ئۆككى ئۇكىسىنى موزدۇزلۇق كەسپى بىلەن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇكىلىرىنىڭ كۆزىنى ۋاپۇرۇچلۇق كەسپىدە پىشۇرغان. دەسلىپىدە ئائىلە بويىچە تىكىپ تەييارلىغان ئاياغ كىيىملەرنى يىغىپ، باشقا موزدۇزلاردىن سېتىۋالغان ئاياغ كىيىملەرنى قوشۇپ مال مىقدارىنى كۆپەيتىپ، ناھىيە، ۋىلايەت ئاتلاپ تىجارەت قىلىپ تۇرپان، پىچان، توقسۇنلارغا ئاپىرىپ ساتقان. ئۇنىڭ يانچۇقىغا پۇل كىرگەندىن كېيىن، نەزەر دائىرىسى كېڭىيىپ، تىجارەتتىكى كۆزى يەنىمۇ ئېچىلغان. مەمتىمىن كېرىم تىجارەت جەريانىدا ئۇچۇرغا ئەھمىيەت بېرىپ، سېتىپ چىقىرىش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدەنگەن. خەنزۇ تىجارەتچىلەردىن ئاياغ كىيىملىرىنىڭ شىنجاڭ رايونىدا بازىرىنىڭ بارلىقىنى ئۇقۇپ، تىجارەتتىكى دىققىتىنى شىنجاڭغا قاراتقان. شۇنىڭ بىلەن 1996- يىلى تۇنجى قېتىم 30 مىڭ يۈەن چىقىرىپ شىنجاڭنىڭ لاسا شەھىرىگە 300 گە يېقىن ئەرەنچە ئۆتۈك ئېلىپ بارغان. شىنجاڭدا بۇچى موزدۇزلىرى تىككەن بۇ خىل ئەرەنچە ئۆتۈكلەرنىڭ بازىرىنىڭ ئىتتىكلىكىنى كۆرگەن مەمتىمىن كېرىم ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، 1997- يىلى لاسا شەھىرىنىڭ داجۇسى رايونىدىن كۆلىمى 15 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بىر دۇكان

دوستلارغا تونۇتۇشتىن ئىبارەت.

30 ياشتىن ھالقىغان، دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان، ۋىجىككىنە كەلگەن بۇ تاماقخانا خوجايىنىنىڭ بۇ گېپىدىن ئۇنىڭ «خورىكى» نىڭ خېلى يوغانلىقى، بىگىسىنىڭ بارلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— ئۇنداقتا، — دېدۇق بىز زىيارىتىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەقسىتىدە، — تىجارەت مۇساپىڭىزنى تەپسىلىي ئاڭلاپ باقساق قانداق؟ — ئۇ سورىغان سوئالىمىزغا جاۋابەن ماۋۇلارنى سۆزلەپ بەردى:

بۇچى كەنتىنىڭ تېتىرباغ مەھەللىسىدە تۇغۇلغان مۇھەممەتتۇرسۇن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپلا تىجارەت يولىغا قەدەم ئالغان. 1989- يىل 5- ئايدا دادىسى بەرگەن 2000 يۈەن پۇلنى «خېمىرتۇرۇچ» قىلىپ، ئۈرۈمچىگە بېرىپ كونا تۆمۈر - تەرسەك ئېلىپ - ساتقان. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ تىجارەت يولى كېڭىيىپ روناق تېپىپ، پۇلىمۇ ئاۋۇغان. ئۇ ئۈرۈمچىدە 15 يىل تىجارەت قىلىش جەريانىدا كۆپ جاپالارنى چەككەن، ئىسسىق - سوغۇقنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. ئىدارىمۇئىدارە، كوچىمۇكوچا، زاۋۇتمۇزاۋۇت بېرىپ كونا تۆمۈر - تەرسەكلەرنى يىغقان، توشۇغان. قىش كېچىلىرى دۈم يېتىپ، دۈم قوپۇپ، ئاپتوموبىللارغا مال قاچىلىغان، مال چۈشۈرگەن. «جاپانى كىم تولا تارتسا، گۆھەرنى شۇ ئالۇر تاشتىن» دېگەندەك ئۇنىڭ تارتقان جاپاسى، سىڭدۈرگەن ئەجرى ۋاقىت ئۆتكەنسېرى چېچەكلەپ مېۋە بەرگەن. يانچۇقىدا پۇلى كۆپىيىپ، قولىنى نەگە ئۇزاتسا شۇ يەرگە يېتىدىغان بولغان. پولات چىۋىق سېتىۋېلىش جەريانىدا كۆپ جايلارنى كۆرگەن، كۆپ شەھەرلەرگە بارغان مۇھەممەتتۇرسۇن 2004- يىلىغا كەلگەندە، بىر كاتتىراق تېز تاماقخانا ئېچىش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، 2 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ كۆلىمى 700 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان «ئوردا پولۇخانىسى» نى ياساپ پۈتكۈزۈپ، قەشقەر شەھىرىدە تۇنجى قېتىم ئۇيغۇرلارنىڭ تائام مەدەنىيىتى، بىناكارلىق سەنئىتى، ناخشا - مۇزىكىسى

ئۆي، ئېغىل ـ قوتان، ئامبار ياساپ، بىر قېتىمدىلا بىرنەچچە يۈز تۇياق كالا، قوي بورداش ئۈچۈن ھازىرلاپ قويدى؛ بۇلتۇر يەنە قەشقەر شەھىرىنىڭ دۆلەتباغ يېزىسى تەۋەسىدىن 1700 كۋادرات مېتىر كۆلەمدە يەر سېتىۋېلىپ، توققۇز قەۋەتلىك مېھمانسارايغا ئىش باشلىغاندى، ھازىر بىنانىڭ ئاساسىي گەۋدىسى پۈتتى. بۇ مېھمانساراي رەسمىي پۈتۈپ ئىشقا چۈشۈپ كەتسە 150 — 200 گىچە كىشىنى يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ كېتەلەيمىز.

ئىگىلىشىمىزچە، مۇھەممەتتۇرسۇن تىجارەت باشلىغان 20 يىلغا يېقىن ۋاقىتنىڭ مابەينىدە، دۆلەتكە 500 مىڭ يۈەنگە يېقىن باج، بازار باشقۇرۇش ھەققى تاپشۇرغان. ھەرخىل ساخاۋەت ئىشلىرى ئۈچۈن 300 مىڭ يۈەن قىممىتىدە مال ـ مۈلۈك، پۇل ئىئانە قىلغان.

يېشىنىڭ كىچىك بولۇشىغا قارىماي، ئىگىلىك باشقۇرۇشتا خېلى مول تەجرىبىلەرگە ئىگە بولۇپ قالغان بۇ ساخاۋەت ئىگىسىنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن مەمنۇن بولۇپ زىيارىتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرغان بولساقمۇ ئالىم، تىلشۇناس مىرسۇلتان ئوسمانوۋنىڭ بۇ يىل 5- ئايدا قەشقەرگە خىزمەتكە كېلىپ، «ئوردا پولۇخانىسى»غا غىزالانغىلى كىرگەندە: «قەشقەرگە ساياھەتكە كەلگەنلەر ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ تەمىنى تېتىپ بېقىش زۆرۈر بولسا ‹ئوردا پولۇخانىسى› غا مەرھەمەت قىلسا بولغۇدەك.» دېگەن بىر جۈملە سۆزى قۇلىقىمىز تۈۋىدىن نېرى كەتمەيتتى.

## موزدۇز ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان شىركەت خوجايىنى

— قەشقەر «يۈەنفاڭ» قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى بازىرىدىكى پولات ماتېرىياللىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ 40% تىن كۆپرەكى بۇچىلىق تىجارەتچىلەر بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بازار ئوبوروتىدا ئىگىلىگەن پۇل نىسبىتى 50% تىن ئاشىدۇ. بۇچى كەنتىدىن چىققان 12 ئائىلىلىك مىليونېرنىڭ ئالتىسى پولات ماتېرىياللىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ پۇل تاپقانلار، ھازىر ئۇلاردىن ئۈچ ئائىلىلىك

مۇجەسسەملەنگەن بۇ تېز تاماقخانىنى ئاچقان.

— بىر تۆمۈرچى قانداق قىلىپ تاماقخانا خوجايىنى بولۇپ قالدى-ڭىز؟ — دېگەن سوئالىمىزغا ئۇ ماۋۇلارنى قوشۇمچە قىلدى: چوڭ - كىچىك شەھەرلەرنى كۆپ كۆرگەن مۇھەممەتتۇرسۇن خېلى بۇرۇنلا قەشقەردە كاتتىراق بىر تېز تاماقخانا ئېچىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن دەسمايىسى بۇ ئىشقا يار بەرمىگەنلە-كى ئۈچۈن، بۇ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇلماي كەلگەن. كېيىن، تىجارىتى روناق تېپىپ، كىرىمى كۆپىيىپ، شارائىتى پىشىپ يېتىل-گەندە ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسى ئىشقا ئاشقان. 60 تىن ئارتۇق مۇلازىمەتچى خادىمى بار بۇ پولۇخانىنى ئېچىپ باشقۇرۇشتا مۇھەممەتتۇرسۇن ئۇ-نۇملۇك تەدبىرلەرنى قوللانغان، ئۇنىڭ ئېرستتېتنى پۈتكۈزگەن ئايالى ئارزۇگۇل بىلەن بار مەسلىھەت ئىش قىلىپ، تاماقخانا باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئۇنۇملۇك تەدبىرلەرنى، تۈزۈملەرنى بېكىتىپ چىققان، مەسئۇلىيەتنى ئادەم بېشىغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى كۈ-چەيتكەن. ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تائام مەدەنىيىتى بويىچە تەجرى-بىلىك، داڭدار ئۇستىلارنى تەكلىپ قىلغان، مۇلازىملارنى تۈركۈم-تۈركۈملەپ تەربىيىلىگەن. تاماق تۈرلىرىنىڭ خىلمۇخىللىقىغا، تا-ماق سۈپىتىنىڭ ياخشىلىقىغا ئەھمىيەت بەرگەن؛ قازان بېشىدىن تاماق شىرەسىگىچە، ھەتتا ھەربىر قوشۇق، چوكا، چىنە - تەخسىلەر-گىچە پاكىز بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرغان؛ خېرىدارلارنى ئۆز ئائىلە كىشىلىرىدەك كۆرۈپ قىزغىن قارشى ئېلىپ، قىزغىن ئۇزىتىپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ پولۇخانىنىڭ خېرىدارلىرى كۆپىيىپ كىرى-مىمۇ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بارغان.

— ئوغلۇمنىڭ بىر پولۇخانا ئېچىش بىلەنلا كۆڭلى ئەمىن تاپماي-دۇ، ئۇنىڭ ئائىلە ئىگىلىكىنى زورايتىشتا يەنە نۇرغۇن ئارزۇ - ئىس-تەكلىرى بار، — دېدى مۇھەممەتتۇرسۇننىڭ دادىسى ئابدۇكېرىم ھا-جى سۆھبىتىمىز ئارىلىقىدا سۆز قىستۇرۇپ، — يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئۇ 500 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ، كەنتىمىز تەۋەسىدە 3000 كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق كېلىدىغان ئولتۇراق

— خېرىدارلارنىڭ بىزگە بولغان ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ ئاشۇ-رۇش، ئۇلارنى كۆپلەپ جەلپ قىلىش ئۈچۈن، بۇلتۇر 11- ئايدا مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ تەستىقىنى ئېلىپ «قەشقەر سەندەل ماد-دىي ئەشيا شىركىتى» نى قۇرۇپ ئىش باشلىدۇق، — دېدى ئۆمەر مۇسانىڭ چوڭ ئوغلى مەخمۇتجان ئۆمەر بىزنىڭ شىركەت توغرىسىدا سورىغان سوئالىمىزغا جاۋاب بېرىپ، — شىركىتىمىز قۇرۇلغان بىر يىلنىڭ مابەينىدە ھەرقايسى ساھە، تارماقلارنىڭ يار - يۆلەك بولۇشى، ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ كۈچ چىقىرىپ ئىشلىشى نەتىجىسىدە، قەدەمنى پۇختا ئېلىپ، ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتتى.

ئۆمەر مۇسا ئائىلىسى تىجارەت باشلىغان 20 يىلدىن بۇيان، بازار تەرتىپىگە ئائىلىق بويسۇنۇپ، باج، بازار باشقۇرۇش ھەققى قاتارلىق-لارنى ۋاقتى - ۋاقتىدا تاپشۇرغان؛ تىجارەتچىلەر ئارا ئىتتىپاقلىققا ئەھمىيەت بەرگەن؛ سۈپەتسىز پولات ماتېرىياللىرىنى سېتىۋېلىش - سېتىشتىن ساقلانغان؛ ئېلىم - بېرىمدە ئادىل بولغان. تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، كەنت تەۋەسىدە ئۈچ مو يەر ئىجارە ئېلىپ 200 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىپ، چارۋا مال بور-داش ئۈچۈن قوتان سالغان؛ «قەشقەر ئانا دىيار دوختۇرخانىسى» نىڭ پايچېكى بولۇپ مەبلەغ سالغان. 400 مىڭ يۈەنگە يېقىن پۇل چىقى-رىپ ئىككى ئوغلىغا قەشقەر شەھىرى ئىچىدىن تاۋار ئۆي سېتىۋال-غان. ئوقۇشىمىزچە ئۆمەر مۇسا ئائىلىسى بېيىغاندا يېتىم - يېسىر-لارنى ئۇنتۇپ قالمىغان. ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا ئۆتۈپ ئىقتىسادىي جەھەتتە قىينىلىپ قالغان ئۈچ دېھقان پەرزەنتىنىڭ مەكتەپ پۈتكۈ-زۈپ كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتىكى ئوقۇش پۇلىنى زىممىسىگە ئالغان؛ ئۆز كەنتى ۋە باشقا كەنتلەردىن بولۇپ تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار ئالتە جۈپ دېھقان پەرزەنتىنىڭ توينى قىلىپ قويغان. ئۇنىڭدىن باشقا، خەير - ساخاۋەت ئىشلىرى ئۈچۈن 200 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك ياردەم قىلغان.

ئاخىرىدا موزدۇز ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان شىركەت خوجايى-نى ئۆمەر مۇسا شىركىتىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى ئۈستىدە سۆز

كىشى پولات ماتېرىياللىرى بويىچە چوڭ شىركەت قۇردى، مالال كۆرمىسەڭلار مۇشۇ ئائىلىلەر ئىچىدىكى ئۆمەر مۇسا ئائىلىسىنى زىيارەت قىلىپ باقساڭلار قانداق؟ — دېدى پولات ماتېرىياللىرى بازىرىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان، تەجرىبىلىك تۆمۈرچى ياسىن مامۇت بىزنى يېپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەپ.

بىز رازىلىق بىلدۈرۈپ ئۆمەر مۇسا قۇرغان «قەشقەر سەندەل ماددىي ئەشيا شىركىتى»گە قەدەم ئالدۇق. 60 ياشقا ئۇلاشقان، ئوتتۇرا بوي، چىرايىدىن كۆلكە يېغىپ تۇرىدىغان، دېھقان سۈپەت بۇ مىليونېر شىركەت ئىشخانىسىدا ئوغۇللىرى مەخمۇتجان، قۇربانجانلار بىلەن بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ۋە كېلىش مەقسىتىمىزنى ئۇققاندىن كېيىن ئەھۋال تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى:

موزدۇز ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان ئۆمەر مۇسا يېزا ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ ئىلھامى بىلەن بىر مەزگىل موزدۇزلۇق ھۈنىرىگە يانداشقان ھالدا ۋاپۇرۇچلۇق تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان. قولى ئازراق پۇل كۆرگەندىن كېيىن، ئىشقا يارىغۇدەك بولغان ئىككى ئوغلىنى ئىشقا سېلىپ يانچۇقىدىكى 20 مىڭ يۈەن دەسمايە بىلەن 1987- يىل 9- ئايدىن ئېتىبارەن كونا تۆمۈر - تەرسەكلەرنى ئېلىپ - سېتىش كەسپىگە يۈزلەنگەن. بۇ تىجارەتنى باشلىغان دەسلەپكى مەزگىلدە، تىجارەت كىرىمى ياخشى بولماي زىيان تارتقان. كېيىنچە، ساۋاقلارنى يەكۈنلىگەن ئۆمەر مۇسا بازار ئۇچۇرىغا ئەھمىيەت بېرىپ، بازار ئەھۋالىنى پۇختا ئىگىلەپ، خېرىدارلار مەنبەسىنى ئېچىپ تىجارەتنى جانلاندۇرغان. ئۇ يەنە چوڭ ئوغلىنى ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ مال يەتكۈزۈپ بېرىشكە، كىچىك ئوغلىنى ناھىيىمۇناھىيە ئەۋەتىپ مال سېتىۋېلىش ئۇچۇرلىرىنى ئىگىلەشكە ئورۇنلاشتۇرغان، ئۆزى قەشقەر شەھرىدە تۇرۇپ مال ساتقان. بۇنىڭ بىلەن تىجارەت يوللىرى ئېچىلىپ سودىسى جانلىنىپ، ئىقتىسادىي كىرىمى يىلسېرى ئاشقان. 1996- يىلىغا كەلگەندە ئۆمەر مۇسا ئائىلىسى پولات ماتېرىياللىرى بازىرىدىكى كۈچلۈك تىجارەتچى ئائىلىسىدىن بولۇپ قالغان.

ئېچىپ: «شىركەت باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، شىركەتنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈپ يۇرتۇم، خەلقىم ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپلەپ بايلىق يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىمەن.» دېدى.

## خاتىمە

مەن بۇچىدا تۇغۇلغان، بالىلىق ۋاقىتلىرىم مۇشۇ يۇرتتا ئۆتتى. كەن. ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا بېرىش، خىزمەتكە چىقىش مۇناسىۋىتى بىلەن يۇرتۇمدىن ئۇزاق يىل ئايرىلىپ كەتكەن بولسامۇ، لېكىن يۇرتۇم بۇچىنىڭ ئۆستەڭلىرىدە لاي سوغا چۆمۇلۈپ ئوينىغىنىم، شورا ئاتلاپ ئۆرۈكلۈك باغلىرىدىن غورا ئوغرىلىغىنىم، ئەنجان تاملىرىغا، دەرەخلەرگە يامىشىپ ئىشتان يىرتىپ، قۇش ئۇۋۇلىرىنى بۇزغىنىم، كەڭ دالىلاردا لەگلەك ئۇچۇرغىنىم، پاتمىچۇق تۇتىمەن دەپ تاشلىق سايلاردا يۈگۈرۈپ يۈرگىنىم ھېلىمۇ تۈنۈگۈنكىدەكلا ئېسىمدە. كىشىلەر: «مۇخبىر ماختاشقا ئامراق كېلىدۇ» دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، ماختاشقا تېگىشلىك ئىشلار بولسا ماختىمايمۇ بولمايدۇ. مەن بۇ قېتىم يۇرتۇم بۇچىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئۆزگىرىشلىرى، يېڭىلىقلىرى، ئىگىلىك تىكلىگەن ياخشى ئوغلانلىرى ئۈستىدە قەلىمىمنى ئازراق مىدىرلاتتىم. ئوقۇرمەنلەر، كەچۈرگەيسىلەر، «تۇغۇلغان يۇرتىنى ياخشى دېمەيدىغان، ماختىمايدىغان كىم بار؟!».

2007- يىل سېنتەبىر

مەسئۇل مۇھەررىرى: گۈلباھار مۇھەممەتئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: قەمبەرگۈل ئوسمان

# ئانا يۇرتتىن ئالتۇن پۇتۇكلەر

(ئەدەبىي ئاخبارات)

ئاپتورى: توختىھاجى تۇرسۇن

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230×880مم 1/32
باسما تاۋىقى: 5.375 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2008 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى
2008 - يىل 1 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 2580

---

ISBN 978-7-5373-1608-8
باھاسى: 10.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 0998 — 2653927